كادىرلار ئوقۇشلۇقى

# شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى

تيەن ۋېيجاڭ



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-06655-3

ISBN 7-228-06655-3
K·942(民文) 定价 :6.00元

كادىرلار ئوقۇشلۇقى

# شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى

تيەن ۋېيجاڭ


تەرجىمە قىلغۇچى : ئابلەت نۇردۇن

باش تۈزگۈچى : ۋاڭ شۈەنچيەن

بېكىتكۈچى : تاھىرجان مۇھەممەد

جاڭ خۇڭچاۋ





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ۋۇ دۇنفۇ ...... 1

1. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نىڭ قۇرۇلۇشى ...... 1

2. ۋېي، جىن دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ...... 33

3. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشى ...... 46

4. يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى ...... 70

5. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بوران - چاپقۇنلار ...... 98

چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ...... 121

پايدىلانغان كىتابلار ...... 130

ئاخىرقى سۆز ...... 132

图书在版编目(CIP)数据

正确阐明新疆历史/田卫疆著;阿布来提译。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.8
ISBN 7—228—06655—3

Ⅰ.正… Ⅱ.①田… ②阿… Ⅲ.新疆—地方史—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K294.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 057739 号

责任编辑 : 阿力木江·塔伊尔
责任校对 : 赛娜瓦尔
再米拉

**正确阐明新疆历史**(维吾尔文)

田卫疆 著
阿布来提·努尔东 译

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 4.5 印张
2001 年 8 月第 1 版 2002 年 4 月第 5 次印刷
印数:25,001-30,000

ISBN7—228—06655—3/K·942 定价:6.00 元

# كىرىش سۆز

ۋۇ دۇنفۇ

شىنجاڭ ياخشى ماكان. قەدىمدىن تارتىپلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق، ئىجىل ئۆتۈپ، بىرلىكتە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق، تەڭ تۆھپە قوشۇپ، مول ئىدىيۋى مەزمۇنغا ۋە ئۆزگىچە جەلپ قىلىش كۈچىگە تولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ياراتتى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى، چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش يولىدا شانلىق تارىخىي سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 نەچچە يىل مابەينىدە، پارتىيىمىزنىڭ توغرا مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىدە يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى: ئىقتىساد گۈللەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، جەمئىيەت يۈكسەلدى، سىياسىي مۇقىم بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئالاھىدە ياخشىلاندى، دۇنيا كۆز تىككۈدەك شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مانا بۇ پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان ئاغدۇرۇلماس، پولاتتەك پاكىت. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە

سوتسيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئۇلۇغ
نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پارتىيىنىڭ ئۈچ
ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى-
نىڭ نەتىجىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يولغا
قويغان توغرا مىللىي سىياسەت ۋە توغرا دىن سىياسىتىنىڭ
نەتىجىسىدۇر.
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلى-
قىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى سىجىل،
ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر كادىر ۋە ئامما
شىنجاڭنىڭ تارىخ، مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىنى توغرا
تونۇپ، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىل-
لەت قارىشى ۋە دىن قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى تىكلىشى
لازىم. بۇ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش مەسىلىسى،
ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسى بولۇپلا قالماس-
تىن، شۇنداقلا يەنە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىم
ئىپادىسىدۇر. ئەمەلىيەت شۇنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدىكى،
ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكا بىزنىڭ ھازىرقى
شىنجاڭنىڭ تارىخ، مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىنى كۆزىتىش
ۋە توغرا تونۇشىمىزدىكى بىردىنبىر ئىلمىي ئۇسۇلدۇر.
شىنجاڭنىڭ تارىخ، مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىنى مارك-
سىزمنىڭ ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشى بويىچە تونۇش ۋە
كۆزىتىشتە بىز تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىلەردە قارىشىمىز ۋە
تونۇشىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك: بىرىنچى،
مىللەت ۋە دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇئەييەن تەرەق-
قىيات باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدا بو-



لۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانى بار. شۇڭا،
پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان پارتىيىسى ئەل-
ۋەتتە مىللەت ۋە دىن مەسىلىلىرىنى توغرا تونۇشى ھەم ئۇنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، شىنجاڭ
قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
ۋە ياشىغان رايون، شۇنداقلا يەنە كۆپ خىل دىن تارقالغان
ھەم تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون. جۇڭگو ۋە چەت
ئەل ئالىملىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ نۇق-
تىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئۈچىنچى، ئېلىمىز تارىخىدىكى
چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن ئۈزۈلمەس ئىق-
تىساد ـ مەدەنىيەت ئالاقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ
جۇڭگودىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆ-
لەتنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى-
كى 60 ـ يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە
كەلتۈرۈپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تە-
سىس قىلغاندىن باشلاپ شىنجاڭ تارىخىدا زور ئۆزگىرىش
يۈز بەرگەن، ھاكىمىيەتلەر كۆپ قېتىم ئالماشقان. يېقىنقى
زاماندىن بۇيان، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن
كۈچلەرمۇ ئىزچىل تۈردە شىنجاڭنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ،
شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىشقا
ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئاي-
رىلماس بىر قىسمى بولۇشىدەك بۇ پاكىت زادى ئۆزگەرمى-
دى. شىنجاڭ تارىخىنىڭ تەرەققىياتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلى-
دىكى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ
بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستى ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشمىغان، بۇ-

نىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىـ
كىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش شىنـ
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى، شۇنداقلا
ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇـ
قەررەر يۈزلىنىشىدۇر؛ ئۇنى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ. تۆتىنـ
چى، تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتـ
تىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىـ
زىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، قان تۆكۈپ قۇربان بېرىپ،
جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇـ
رۇشتىن ئىبارەت ئورتاق كۈرەشلەردە قان بىلەن گۆشتەك
زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى؛ ئۇلار ئۆزگىچە تارىخىي مەـ
دەنىيەت — جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتىپلا
قالماي يەنە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيـ
تىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەمدە جۇڭگودىن ئىبارەت بىرـ
لىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىنىـ
شىگە ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى. ئېلىمىزنىڭ ھازىرـ
قىدەك كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇش
سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىـ
پاقلىقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن؛
بىز ئۇنى قەدىرلىشىمىز، كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك
ئاسرىشىمىز، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇزۇلماس ئىتتىپاقـ
لىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

ماركسىزم نەزەرىيىسى ھەممىگە باب كېلىدىغان ھەقىـ
قەت. ماركسىزملىق دۆلەت قارشى، تارىخ قارىشى، مىللەت
قارىشى، دىن قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى شۇنىڭدەك ۋەـ
تەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش نەزەرىـ



يىسىنى ھارماي ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش شىنجاڭنىڭ
ئىدىيە - مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت
ۋەزىپىسىدۇر. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
باش شۇجى جياڭ زېمىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەقـ
قىيات ۋە مۇقىملىقى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليو-
رۇقلىرىنىڭ روھىغا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەـ
نىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەتـ
قىقات خادىملىرىنى تەشكىللەپ بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارنى
يېزىپ چىقتى. مەن بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېـ
يىن، بۇ نەزەرىيە جەھەتتە مۇئەييەن چوڭقۇرلۇققا ئىگە،
ئاممىباب ياخشى كىتابلار ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم.
مەن بۇ كىتابلارنى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىپ
چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ
بىر يۈرۈش كىتابلاردىن ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىـ
شىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# 1. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نىڭ قۇرۇلۇشى

## جۇغراپىيىۋى ۋە تەبىئىي مۇھىت ئامىلىنىڭ شىنجاڭ تارىخىغا تەسىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئاسىيا، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە مەملىكىتىمىز بويىچە دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئەڭ يىراق ئۆلكە ـ رايون ھېسابلىنىدۇ. قۇرغاق ۋە ھۆل ـ يېغىن ئاز بولۇشتەك كىلىمات بۇ جاينىڭ ئاساسلىق تەبىئىي ئالاھىدىلىكى. بىراق، گېئولوگىيە دەۋرىدىكى شىنجاڭ ھازىرقىغا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىتى، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز مىليون يىللار ئىلگىرى، يەنى بۇنىڭدىن 2 مىليارد 5 يۈز مىليون يىللار ئىلگىرىكى سىنئان دەۋرىدىن 195 مىليون يىللار ئىلگىرىكى يورا دەۋرىگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭ چەكسىز كەتكەن كۆپكۆك دېڭىز ـ ئوكيان ئىدى. بۇ خىل ھالەت تاكى بۇنىڭدىن 67 مىليون يىل ئىلگىرىكى ئۈچىنچى دەۋرگىچە داۋاملاشقان. شىنجاڭ دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ قايتا ـ قايتا ئالمىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپكى ئۈچىن-

چى دەۋرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھىمالايا تېغىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە دېڭىز سۈيى شىنجاڭ تەۋەسىدىن چېكىنىپ چىققان. بۇنىڭدىن 12 مىليون يىل ئىلگىرىكى ئالدىنقى دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن بۇيان تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ جەنۇب ۋە شىمالدا ئىككى چوڭ بېكىك ھالەتتىكى ئويمانلىق شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى جۇغراپىيىلىك ھالىتى ھاسىل بولغان، بۇ ئادەتتە «ئۈچ تاغ ئارىسىدا ئىككى ئويمانلىق بولۇش» ھالىتى دېيىلىدۇ. «ئۈچ تاغ» — شىنجاڭ تەۋەسىدە شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ قاتارىسىغا ئورۇنلاشقان ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىككى ئويمانلىق» — ئالتاي تېغى، تەڭرى تېغى ۋە قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچ تاغ ئارىسىغا جايلاشقان ئىككى ئويمانلىقنىڭ غەربىدە كۆككە تاقاشقان پامىر ئېگىزلىكى بولۇپ، ئۇ خۇددى رەڭدار بەلباغدەك تولغىنىپ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق جۇغراپىيىلىك يەر-تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئۆزگىچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئېكولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۈچ تەرىپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغان جۇغراپىيىلىك يەر شەكلى شىنجاڭدا بىر تەبىئىي توساق-سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئالتاي تېغىنىڭ غەربىگە جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغ ئېغىزىدىن شىمالىي مۇز ئوك-



يان ۋە ئاتلانتىك ئوكياننىڭ سوغۇق ۋە نەم ھاۋا ئېقىمى كىرىپ شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن شەكىللەندۈرۈپ ھاۋانى نەملەشتۈرگەندىن سىرت، مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلار ئېگىز تاغ ئارقىلىق ئورىلىپ تۇرغاچقا، شەرقىي ئاسىيا پەسىل شامىلى، غەربىي جەنۇب پەسىل شامىلى قاتارلىق نەم ھاۋا ئېقىمى بۇ يەرگە ئاسانلىقچە كىرەلمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭنى ئېلىمىزدىكى ئالاھىدە ئىچكى قۇرۇقلۇق قۇرغاق رايونىغا ئايلاندۇرغان. ئەمما، ئېگىز تاغ، مۇزلۇق ۋە يېشىللىق بولمىغان ئافرىقا سەھرايى كەبىر چۆلى ياكى ئاۋستىرالىيىدىكى قاقاس بەلباغلار بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، شىنجاڭدىكى تاغ چوققىلىرىغا تارقالغان مۇز، دەريا ئېقىنلىرى ئىككى ئويمانلىققا ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىدۇ. بۇ ھال جانلىقلار ۋە ئىنسانىيەتنى ئاساسلىق ياشاش شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، بۇ رايون ئىنسانىيەت مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

بۇ خىل بېكىك سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ شەرقتىن غەربكە شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتكەچكە جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىق جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرەپكە ئايرىلغان. بۇ خىل يەر تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتىدا روشەن پەرقنى پەيدا قىلغان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا قىش پەسلى شىمالىي شىنجاڭغا قارىغاندا ئىللىقراق بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە يەر شەكلى شەكىللەندۈرگەن تەبىئىي مۇھىت تارىختا شىمالىي شىنجاڭ رايونى

چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى
دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى،
شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ رايونىدى-
كى ئاھالىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇر-
مۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۇرگەن. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە
ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شىنجاڭ چېگرىسى جەنۇب، شىمال
ھەمدە غەرب تەرەپلەردىن ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان،
شەرق تەرىپىدە ھېچقانداق تاغ تىزمىلىرى يوق بولۇپ، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن توسالغۇسىز تۇتىشىدۇ. بۇ
خىل يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ تاشقى
دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە ۋە مۇناسىۋىتىدە تارىختىن بۇيان
تەبىئىي ھالدا شەرققە مايىل بولۇش خاھىشى مەۋجۇت ئىدى.
بۇ خىل مايىللىق شىنجاڭنىڭ ئىچكى جايلار بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا، چىن، خەن دەۋرلىرىدىن
باشلاپلا كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلىتىمىزنىڭ
ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول
ئوينىدى. ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلى-
شىدىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، جۇغ-
راپىيىلىك شارائىت ۋە تەبىئىي مۇھىت شەك - شۈبھىسىز-
كى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي
جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى، مۇھىتى شىنجاڭ-
نىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا نۇرغۇنلىغان پايدىسىز ئامىل-
لارنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسان-
لارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پايدى-
لىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. ھەرمىللەت خەلقى ئىج-
تىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا تۇرلۇك ماددىي مەدەنىيەت نە-



تىجىلىرىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېخى-
مۇ ھۆسن قوشتى. قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تە-
رەققىيات تارىخىنى تونۇش ۋە بۇ جەھەتتە ئىزدىنىش داۋامى-
دا، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە تەبىئىي مۇھى-
تىدىن ئىبارەت بۇ روشەن ئالاھىدىلىككە سەل قاراشقا ھەر-
گىز بولمايدۇ. دەل بۇ خىل تەبىئىي مۇھىت ھەمدە ئۇ
كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئالاھىدە شارائىتنىڭ رول
ئوينىشى شىنجاڭنىڭ مول، رەڭدار، تەسىرلىك تارىخىي
سەھىپىسى نامايان قىلىپ بەرگەن.

## قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەت پائالىيەت ئې-
لىپ بارغان ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. شىنجاڭ-
نىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شانلىق مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيى-
تىنىڭ ئايرىلماس قىسمى.

ئىنسانلارنىڭ تارىخى تاشلاردىن پايدىلىنىشتىن باشلان-
غان. شۇڭا، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ
دەسلەپكى تارىخى «تاش قورال دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. رە-
ئىس ماۋزېدۇڭنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىدىكى «ئادەم بىلەن
مايمۇننىڭ پەرقى پەقەتلا بىر نەچچە تاشنى يونۇپ، بىلەپ
ئىشلەتكەنلىكىدە» دېگەن سۆزى دەل مۇشۇ مەنىنى چۈشەندۈ-
رىدۇ. تاش قورال دەۋرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ بەلگى-
سى. بۇ، بۇنىڭدىن 2 — 3 مىليون يىللار ئىلگىرىدىن تاكى
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىللارغىچە بولغان دەۋرنى
كۆرسىتىدۇ. ئۇ كونا تاش قورال دەۋرى، ئوتتۇرا تاش

قورال دەۋرى، يېڭى تاش قورال دەۋرى قاتارلىق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شىنجاڭدا بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلى، نىيە ناھىيىسى، خوتەن شەھىرى، شۇنىڭدەك يارغول قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى خارابە ئىزلىرىنىڭ بايقىلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق جۇلالىرىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ جايلاردا ياشىغان خەلقلەر شىنجاڭدىكى ئەڭ دەسلەپكى خەلقلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتا قوپال، يىرىك، ئېغىر تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن ھەم ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن. ئەگەر بۇ كونا تاش قورال بۇيۇملىرى ئۆلچەمسىز دېيىلىدىغان بولسا، يەنە تېخىمۇ كۆپ يېڭىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر دەلىللەش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ئوتتۇرا، يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولغان تاش قورال، خارابە ئىزلىرىدىن تېپىلغان بۇيۇملار يىراق قەدىمكى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى خېلى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تەخمىنەن مىلادىيىدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى ئوتتۇرا، يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلار، يەنى قۇمۇلدىكى يەتتە قۇدۇق، سەنداۋلىڭ، لوپنۇرنىڭ غەربىي قىسمى، تۇرپاندىكى ئاستانە، ئۇ-



رۇمچىدىكى سايئوپۇ، مورى، گۇچۇڭ، ئىلى، كۇچار، مارالبېشى، چەرچەن، كېرىيە، گۇما قاتارلىق جايلاردىن ئىنسانلار ئەجدادلىرىنىڭ پائالىيەت ئىزنالىرى بايقالدى. ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئۇرۇپ، يونۇپ ياسىغان قوپال، يىرىك تاش قوراللار ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىپتىلاپ ئىشلەپ ياساپ چىققان تاش پىچاق، تاش كەكىلەرنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر «سىپتا تاش قوراللار» دەپ ئاتىدى. بۇ خىل تاش قوراللارنى ياساش تېخنىكىسى خېلى مۇرەككەپ بولۇپ، لوپنۇر رايونىدىكى كىشىلەر تاش قوراللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقتىكى تاغقا سەرخىل تاش قوراللارنى ياساش ئۈچۈن بارغان. ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى ئالتۇن تاغدىن تاش قورال ياسايدىغان ئىش مەيدانلىرىنى بايقىدى. كىشىلەر يەنە شۇ دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان يىراق قەدىمكى دەۋر يادىكارلىقى — تاش قوراللارنىڭ ياسىلىش شەكلى، سۈركەپ يونۇش تېخنىكىسى ھەممە شۇ دەۋردىكى رەڭلىك، فارفور بۇيۇملارنىڭ رەڭلىرى، نۇسخا ئۇسلۇبلىرىنىڭ شىمالىي جۇڭگو رايونلىرى ھەممە گەنسۇ، نىڭشيا قاتارلىق رايونلاردىن تېپىلغان تاش قوراللار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، غەربتىكى ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پەرق قىلىندىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ئاتالمىش «جۇڭگو مەدەنىيىتى غەربتىن كەلگەن» دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، يەنە روشەن ھالدا شىنجاڭدىكى تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلار توپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كې-

تىندىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت جەھەتتە بىر خىل
ئىچكى باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇنىڭ ناھا-
يىتى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇنا-
سىۋەتىدىكى ئالاقە يولى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلى-
گەن. بۇ، شىنجاڭنىڭ تارىختا مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە
ئالاقە قىلىش پائالىيىتىنىڭ ناھايىتى قويۇق بولۇشىنى شە-
كىللەندۇرۇپلا قالماستىن، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ
ئىرق، قوۋم، مىللەت تەۋەلىكى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى-
نىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئارخېئو-
لوگىيە خادىملىرى كروران شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
رايونلاردىن بىر مۇنچىلىغان جەسەتلەرنى قېزىۋالدى. بۇنىڭ
ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى «كروران گۈزىلى» بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ-
دىن 3800 يىل ئىلگىرى ياشىغان. شەرقىي شىنجاڭدىكى
قۇمۇلدىنمۇ كروراندىن تېپىلغان جەسەتلەردىن سەل كېيىن-
رەك مەزگىلگە مەنسۇپ بولغان جەسەتلەر تېپىلدى. پامىر
ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تاشقورغاندىكى شامبابا دېگەن جايدىن-
مۇ كىشىلەر ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرلىرىگە تەئەللۇق بول-
غان بىر تۈركۈم قەبرىلەرنى بايقىدى. ئۇلاردىكى جەسەتلەر-
نىڭ دەپنە قىلىش شەكلى يەرگە كۆمۈش، يەنى يەرگە دەپنە
قىلىش ۋە كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە
بولغان. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلىنىڭ كۈنەس ناھىيىسى
تەۋەسىدىكى كۈنەس دەريا ساھىلىدىن تېپىلغان قەبرىلەر ئى-
چىدە خۇددى تىرىكتەكلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ياساۋۇلغا ئوخ-
شاش ئادەم ھەيكىلى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ياساۋۇل
بېشىغا ئېگىز، ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، ئۈستى يالىڭاچ،



بېلىنىڭ تۆۋىنىگە قىسقا كۆڭلەك كىيگەن، يالاڭ ئاياغ،
بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان، پېشانىسى كەڭ بو-
لۇپ، مۇشۇ رايوندا ياشىغان خەلقلەرنىڭ بىر قەدەر تىپىك
ئوبرازىدۇر. بۇ ئوبراز تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى
ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ جەسەت-
لىرىدىن خېلى پەرقلىنىدۇ. ئانتروپولوگلار (ئىنسانشۇناس-
لار) ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى-
دىكى قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ شەك-
لى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئىرق سىستېمىسىنى ئانالىز قىلىپ،
ئىنچىكە ئۆلچەپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ چىقارغان
نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى
ئىچىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ، موڭغۇل ئىر-
قىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار، ئەمما تېخىمۇ كۆپ ئىرق
كاتېگورىيىسى ھەرقايسى ئىرقلارنىڭ شالغۇتلىشىشىدىن يا-
كى ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن. ياۋروپا ئىرقى-
دىكىلەر تارقالغان ئورۇنلار شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا
يېقىن، لېكىن ئۇلار ئۆزلۈكسىز ھالدا شەرققە قاراپ سىل-
جىغان؛ موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر تارقالغان ئورۇنلار ئاساسلى-
قى شەرقىي رايونلارغا يېقىن، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا غەربكە
قاراپ يۆتكەلگەن. شىنجاڭ رايونىنىڭ ياۋروپا ئىرقى بىلەن
موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش نۇقتىسى بولغانلىقىغا
قىل سىغمايدۇ. يەنە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ھۆج-
جەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئىلگىرى جۇ سۇلالىسىدىكىلەر
بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان چياڭلارمۇ تارىم ئويمان-
لىقىنىڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرىدىن ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا،
بۇ مەزگىلدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شىنجاڭغا كۆچۈپ

كىرگەن مىللەتلەردىن توخرىلار، ساكلارمۇ بار ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما يادىكارلىقلار شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەت، كۆپ ئىرق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. دەل ئوخشىمىغان ئىرق، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئارقىلىقلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

سى ماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە بەنگۇنىڭ «خەننامە» قاتارلىق كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر ھەم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئۇستىدىكى تەھلىللەردىن بىلىشكە بولىدۇكى، تەخمىنەن ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەمىنىيە، يېغلىق دەۋرلىرىدە شىنجاڭ رايونىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچى تاماملانغان. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭ تاش قورال دەۋرىدىن تۇچ قورال دەۋرىگە كىرگەن، ئاندىن يەنە تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. چىن، خەن دەۋرلىرىگىچە نۇرغۇن قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەر غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان، ئاۋۇغان، تېرىقچىلىق قىلغان. ئالايلۇق، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ساكلار، چياڭلار، توخرىلار ۋە ئۇيسۇنلار ياشىغان. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇلار بىردەك «كۆچمەن ئەل» دەپ ئاتالغان. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ۋە كۆكئارت (پامىر) نىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان ئاھالىلەر ۋە قەبىلىلەر گۇرۇھى ياشىغان، كىشىلەر ئۇلارنى «شەھەر بەگلىكلىرى» دەپ ئاتىغان. «خەننامە. غەربىي



يۇرت تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنغان 36 بەگلىك ئاساسلىقى مۇشۇ شەھەر بەگلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەرلىك ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار، بايلار ۋە ئاددىي خەلقلەر دېگەندەك پەرقلەر بار ئىدى، يەنە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەربىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىلىرى بولغانىدى. تەكىتلەشكەن ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاتالمىش «كۆچمەن ئەللەر» ياكى «شەھەر بەگلىكلىرى» بىلەن ھازىرقى مۇنتىزىم تەشكىلىي ئاپپارات، سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە دۆلەتنىڭ خاراكتېرى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇلار پەقەتلا بىر قىسىم بوستانلىقلار ياكى يايلاقلارنى بىرلىك قىلغان يەرلەرنىڭ ياكى قوۋملارنىڭ نامى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەلۇم قەبىلىلىرى ياكى قوۋملىرىنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ئاستىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان مەلۇم ياشاش شەكلىنىلا كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «شەھەر بەگلىكلىرى» ئىچىدە ئەڭ كىچىك بىرلىك «ئەل» بولۇپ، پەقەت 27 تۈتۈن (ئائىلە)، 194 كىشىدىن تەركىب تاپقان، بۇ بوستانلىقنى ئاساس قىلىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىنلا ئىبارەت. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ «كۆچمەن ئەللىرى» گە كەلسەك، ئۇلار سۇ، يايلاق قوغلىشىپ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، مۇقىم ئولتۇراق ئورنى بولمايدۇ. ئەينى چاغدىكى بۇ غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى تارىخىي مەنبە-

لەردە ئېيتىلغاندەك، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىدا كاھىبگى بولغان، ئەسكەرلەر ۋە ئاۋام خەلقلەر چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ئۇلاردا بىرلىك يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، چىن، خەن دەۋرىدىن ئىلگىرى تەبىئىي ئامىللار ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى، شىنجاڭ رايونىدا قەدىمدە مەلۇم بىر قەبىلە ياكى بىر مىللەت قۇرغان بىرلىككە كەلگەن يەرلىك ھاكىمىيەت تەشكىلاتى بولغان ئەمەس.

## ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى

شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن بۇ رايوننىڭ ئىگىلىك شەكلىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى، ئۇنىڭ تەبىئىي ھالدا ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلىگەن. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شەرق بىلەن غەربتىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن «يىپەك يولى» نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئەمىنىيە، يىغىلىق دەۋرلىرىدىلا شەكىللەنگەن. بۇ يولنىڭ بىر قىسىم بۆلىكى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىن ئۆتەتتى. غەرب يازما مەنبەلىرىدە خېلى بۇرۇنلا «سىرىس» توغرىسىدىكى سۆزلەر تارقالغان. «سىرىس» — خەنزۇچە



«يىپەك» ( 丝 ) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، كېيىنچە ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ غەربكە يىپەك يۆتكەيدىغان جۇڭگولۇقلارنى ئاتايدىغان نامغا ئايلانغان. بۇ ئەھۋال خۇاشىيالارنىڭ ئەجدادلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان باردى ـ كەلدى قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۈرۈمچى نەنشەن كان رايونى ھەمدە ئالغوي قاتارلىق جايلاردىكى قەبرىلەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن رەڭلىك ساپال، يىپەك ۋە مىس كۆزگۈ داۋاملىق تېپىلماقتا. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇيۇملارنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بازىرىق قەدىمىي قەبرىسىدىكى بىللە دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ ئارىسىدىنمۇ تاپتى. قۇمۇلنىڭ يەتتە قۇدۇق دېگەن يېرىدىكى سىپتا تاش قوراللار مەدەنىيەت ئىزلىرى خارابىلىرىدىن، لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قۇلۇلەسىمان بېزەكلەر تېپىلدى. مەسىلەن، مارجان، كەھرىۋا قاتارلىقلار. بۇ خىلدىكى بۇيۇملارنىڭ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويى رايونلىرىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. ئېلىمىزنىڭ ئالدىنقى چىن دەۋرلىرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلىرىدە، مەسىلەن، «نەسىرنامە»، «بامبۇكقا پۈتۈلگەن يىلنامە»، «تاغ ـ ئىزىملار قۇرئى»، «چۇ نەزمىلىرى» قاتارلىقلاردا قەدىمكى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى، تاغ ـ ئېدىر، دەريا ـ ئېقىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بار. بۇلار ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ شىنجاڭغا قارىتا خېلى زور تونۇشقا ۋە چۈشەن-

چىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شاڭ پادىشاھى ۋۇ دىڭنىڭ ئايالىنىڭ قەبرىسىدىن شىنجاڭ قاش تېشىدىن ياسالغان دەپنە بۇيۇملىرىدىن 756 سى تېپىلدى. بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۈدۈن قاتارلىق جايلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن قاش تېشى سودىسى ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ دەلىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر يەنە «يىپەك يولى»نى «قاش تېشى يولى» دەپمۇ ئاتىغان. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئەسىرى «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دىكى مىلادىدىن مىڭ يىل ئىلگىرى جۇمۇۋاڭنىڭ ناھايىتى يىراق چۆل - جەزىرىلىك غەربىي قىسمىغا ئەسكەر باشلاپ بارغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ھەرگىزمۇ بىكاردىن بىكارغا پەيدا بولغان بولماستىن، يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر چىن، خەن دەۋرلىرىدىن ئىلگىرى شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت ساقلاپ كېلىنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يىراق قەدىمكى دەۋردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى كېيىنچە خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ باشقۇرۇشى ئۈچۈن مۇھىم ئۇل بولۇپ قالغان.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، چۆل - جەزىرە ۋە تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەن مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى، غەربىي يۇرت-



تىكى ئەللەر يەنىلا تارقاق ھەم بېكىك ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان بۆلۈنمە ھالەتتە ئىدى. بۇ خىل بۆلۈنمە ۋەزىيەت شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىدى. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۇرۇق - جەمەتلەر دائىرىسىدىن ھالقىغان رايون خاراكتېرلىك بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىيىتىنى پەقەت شۇ رايوننىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغىلا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىمۇ دەل شۇنداق بولدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىشى ئېلىمىز تارىخىدا غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلانغان ھەمدە تەدرىجىي ئورۇنلانغان. ئالدىنقى چىن دەۋرىدە بۇ ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە ئىنتايىن زىچ، بىۋاسىتە مۇناسىۋەت بولغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، غەربىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىدارە قىلىشى ئىلگىرىكى قويۇق باردى - كەلدى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

## - خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسى خەن دەۋرىدە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، مەنىسى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم

چېگرىسى دېگەن بولاتتى. بۇ ئاتالغۇ خەن دەۋرىدە سى ماچيەننىڭ «تارىخنامە» سىدە كۆرۈلگەندىن تارتىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭ دېگەن نام ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنگە قەدەر 2000 يىلدەك قوللىنىلغان. غەربىي يۇرت ئاتالغۇسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جايلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا بولغان تونۇشى ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوننى سىياسىي جەھەتتە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش ئىدارە قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.

غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنى سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈشى خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلارغا زەربە بېرىش كۈرىشى بىلەن زىچ باغلانغانىدى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى نۇرغۇن رايونلار بىر مەزگىل ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان. ھونلار چىن، خەن مەزگىللىرىدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى يايلاق رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قۇدرەتلىك كۆچكە ئىگە چارۋىچى خەلق بولۇپ، دەسلەپتە ناھايىتى ئاجىز ئىدى. ئىلگىرى شەرقىي غۇزلارغا بويسۇنغان ئىدى. باتۇر تەڭرىقۇت ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ھونلارنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى، باتۇر تەڭرىقۇت



ھون قۇلدارلار ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن. ئەتراپىدىكى ھەرقايسى قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئۇلارغا بويسۇنغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھونلارنىڭ ئوڭ قول بىلىكخانى قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا خېشى كارىدورىنى ئىگىلەپ تۇرغان توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ غەربكە كۆچۈرۈۋەتكەن. توخرىلار ھازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئەسلىدە بۇ رايوندا ياشاپ كېلىۋاتقان ساكلار توخرىلارنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا غەربىي جەنۇبقا كۆچۈپ پامىر ئېگىزلىكى ئەتراپىغا بارغان. ھونلار خېشى ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەن. ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. كېيىن غەربىي يۇرتتىكى ھەرمىللەت خەلقىگە قارىتا ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھونلارنىڭ غەربتىكى سول قول بىلىكخانى ئاگنىدا «چاكارلار كاھىبېگى» تەسىس قىلىپ، مەزكۇر رايوننىڭ ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرغان. ھونلار تەسىس قىلغان باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ نامى «تۇڭپۇ» (چاكارلار) دېگەن سۆزدىنمۇ ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنى قۇل قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. دېمەك، ھون قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە قارىتا دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھونلار غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاشلىق، يېمەكلىكلىرىنى شۇلىۋېلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا دائىم بۇلاڭچىلىق قىلىپ، غەربىي خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سېلىپ تۇرغان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توختىماي ئۇرۇش يۈز بەرگەن، بۇ ئۇرۇشلار

دەسلەپتە خەن سۇلالىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاش-
قان.

بۇ خىل ۋەزىيەت خەن ۋۇدى لىۇ جې تەختتە ئولتۇرغاند-
ىن كېيىن ئاندىن تۈپتىن ئۆزگەرگەن. چۈنكى، بۇ چاغدا
نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ تىرىشىشى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ
دۆلەت كۈچى كۈچەيگەن، سىياسىي، ھەربىي كۈچ جەھەتتە
زور دەرىجىدە قۇدرەت تاپقان. ھونلاردىن ئىبارەت بۇ قۇدرەت-
لىك رەقىبنى يوقىتىش ئۈچۈن، خەن ۋۇدى ئىلگىرىكىلەر-
نىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەر جەھەتتىكى تەييارلىق
خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلىگەن. بىر قېتىم ئۇ تەسلىم
بولغان ھون ئەسكىرىنىڭ ئاغزىدىن شۇ چاغدىكى ھونلارنىڭ
غەربىي قىسمىدا ئۇلۇغ توخرىلار دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىنىڭ
چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ
ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ناھايىتى نارازى ئىكەنلىكىنى
بىلگەن. خەن ۋۇدى بۇ مۇھىم ئۇچۇرغا ئېرىشكەندىن كې-
يىن، يىراقتىكىلەر بىلەن دوست بولۇپ يېقىندىكىلەرگە
ھۇجۇم قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ بىر ئەلچىلەر ئۆمە-
كىنى توخرىلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇلار
بىلەن بىرلىشىپ ھونلارغا قارشى سىياسىي ئىتتىپاقنى شە-
كىللەندۈرمەكچى بولغان. خەن سۇلالىسى توخرىلار بىلەن
غەرب تەرەپتىن ھونلارغا زەربە بېرىپ ھونلارنىڭ ئوڭ تەرەپ-
تىكى كۈچىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى ئارقا سەپ تەمىناتى-
دىن مەھرۇم قالدۇرۇپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماق-
چى بولغان. شۇنداق بولغاندا خەن سۇلالىسى قوشۇن ئەۋە-
تىپ ھۇجۇم قىلسا، ئاسالا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايتتى. مىلا-
دىيىدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى، خەن ۋۇدى خەنجۇڭلۇق جاڭ



چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. جاڭ چيەن
خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىجرا
قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇنجى ھۆكۈمەت خادىمى ئىدى.
جاڭ چيەننىڭ ئەلچىلىككە بېرىشى تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ئەھ-
ۋاللار سەۋەبىدىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ
ھايات ـ ماماتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش روھى كېيىنكى
ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنى چېگرا رايونغا بېغىشلىشىغا
ئىلھام بولغانىدى. بولۇپمۇ جاڭ چيەننىڭ غەربكە سەپەر
قىلىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي
يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى چۈشىنىشىنى چوڭقۇر-
لاشتۇرغان. ئىككى رايون ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسا-
دىي مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەر-
بىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلاردىكى سىياسىي تەسىرىنى كې-
ڭەيتكەن ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە
كەلتۈرۈشى ئۈچۈن شارائىت ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، سى
ماچيەن جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشىنى
«يول ئاچقانلىق» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ مەنىسى، يول ئەسلى-
دە ئېتىك ئىدى، تىرىشىش ئارقىلىق راۋانلاشتى دېگەنلىك
بولاتتى.

جاڭ چيەن بىرىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە
بېرىپ قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
121 ـ يىلى خەن سۇلالىسى سانغۇنى خوچۇبىڭ خېشى كارى-
دورى ئەتراپىدىكى ھونلارنىڭ قونشار خان ۋە شۇتۇق خانلى-
رىنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلغان، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
بۇ يەردە ۋۇۋېي، جيۇچۈەندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتنى

تەسىس قىلغان (كېيىن ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۇەن، دۇن-
خۇاڭدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن) ۋە بۇ ئار-
قىلىق هونلارنىڭ غەربىي شىمالدىكى كۈچلۈك ئۇرۇق -
قەبىلىلەردىن دى، چياڭ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىغان، نەتىجىدە خەن سۇلالىسى
بىلەن غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتكە تېخىمۇ پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىلغان. مىلادىيە-
دىن بۇرۇنقى 119 - يىلى، جاڭ چيەن تاپشۇرۇقنا بىنائەن
بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئىلى دەريا ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغان
ئۇسۇنلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق
تۈزۈش ئۈچۈن غەربكە يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلغان، كۆپ
تەرەپلىمە تىرىشىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپ زىچ مۇناسىۋەت
ئورناتقان. خەن سۇلالىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جى
يۈ، شى جۈن قاتارلىق مەلىكىلەرنى ئۇسۇن كۈنبىي (پادىشا-
هى) گە ياتلىق قىلغان. خەن سۇلالىسى ۋە ئۇسۇنلارنىڭ
ئىتتىپاق تۈزۈشى بىلەن هونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان
پاراكەندىچىلىكى چەكلىنىپ، هونلار غەربىي يۇرتتا تېخىمۇ
يېتىم قالغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 109 - يىلى خەن
سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى جاۋ پونۇ ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈ-
رۈش قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى مۇهىم شەهەر كروران،
قوشلارغا هۇجۇم قىلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 102 -
يىلى، خەن سۇلالىسى قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، خەن
سۇلالىسى بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان قارشىلىشىپ كەلگەن پەر-
غانىگە هۇجۇم قىلغان. بۇنداق سىياسى پائالىيەتلەر خەن
سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى مىللەتلەر ئارىسى-
دىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈرگەن. ئىككىنچى يىلى غەربىي



يۇرتتا تۇرۇۋاتقان خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ۋە بېرىپ
كېلىۋاتقان ئەلچىلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى-
نى هەل قىلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى
بۈگۈر، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر
ئاچقان هەمدە «يالۋاچ چېرىكچى» تەسىس قىلىپ بىر تۇتاش
باشقۇرغان. «يالۋاچ چېرىكچى» خەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى
غەربىي يۇرتتا قويغان ئەڭ بۇرۇنقى يەرلىك ئەمەلداردۇر.
خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تۇتۇق مەهكىمىسى قۇرغاندىن
كېيىن، تېرىقچىلىق ئىشلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شى-
مالىدىكى هەرقايسى جايلاردا زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن
هەمدە چېگرا رايوننى قوغداش قىسمى شەكلىدە كېيىنكى
دەۋرلەردە ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلغان.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەن شۈەندى
شېنجۆ 2 - يىلى)، هون هۆكۈمران قاتلىمىنىڭ ئىچكى
قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. غەربىي يۇرتتا تۇرۇ-
ۋاتقان هون سول قول بىلىكخانى بىلگە تەڭرىقۇت خەۋپ
ئاستىدا قالغان، شۇڭا ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ خەن
سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. هونلار تەسىس قىلغان «چاكار-
لار كاهىبىگى» ئۆزلۈكىدىن يوقالغان. شۇنىڭدىن كېيىن
تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى هەرقايسى جايلار خەن
سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. خەن سۇلالىسى مەركە-
زىي هۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى ئەسكىرىي ئورگانلارنى
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبە-
بەگ مەهكىمىسى تەسىس قىلغان، مەهكىمە ئورنى ئۇرلى
(هازىرقى بۈگۈر ناهىيىسىدىكى چېدىر يېزىسىنىڭ جەنۇب
تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) دا ئىدى. جېڭ جى قورۇقچىبەگ

مەھكىمىسىنىڭ تۇنجى قورۇقچىبېگى بولغان، بۇنىڭدىن بۇ-
رۇن جېڭ جى «پىشامشاننىڭ غەربىنى قوغدىغۇچى ئەلچى»
بولۇپ تەيىنلىنىپ، غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى
يوللارنىڭ راۋانلىقىنى قوغدىغانىدى، لېكىن بۇ قېتىمقىسى
ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. «غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى» تەڭ-
رىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى باشقۇراتتى ۋە قوغدايتتى.
بۇ نام خەنزۇچە خەت جەھەتتە بولسۇن ياكى مەزمۇن جەھەتتە
بولسۇن ھونلارنىڭ تەسىس قىلغان «چاكارلار كاھىبېگى» دىن
ناھايىتى زور پەرقلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي كىتابلار-
دا: «خەن سۇلالىسىنى ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا
يۈرگۈزۈلۈشى جاڭ چيەندىن باشلىنىپ جېڭ جىغىچە كەلگەندە
ئەمەلگە ئاشتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ «غەربىي يۇرت قو-
رۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نىڭ سىياسىي خاراكتېرىنىڭ ھەم-
دە جاڭ چيەن بىلەن جېڭ جى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خەن
سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا
كۆرسەتكەن رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنىڭ ئوب-
رازلىق ئىپادىسى. غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە جېڭ
جىدىن كېيىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ
قورۇقچىبېگى مەرتىۋىسىنى ئۈستىگە ئالغانلار 18 نەپەر بو-
لۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى كىشىلەر قەدىمكى
كۇسەن (كۇچا) گە قاراشلىق جايدىن غەربىي خەن دەۋرىدىكى
ئەڭ ئاخىرقى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ
قورۇقچىبېگى لى چۇڭنىڭ مۆھرىنى تاپقان.

غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى
«خەن سۇلالىسى ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا يۈر-
گۈزۈلگەنلىكى» نىڭ بەلگىسى بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى



ھەرقايسى جايلار شۇنىڭدىن باشلاپ بىرلىككە كەلگەن، كۆپ
مىللەتلىك ئۇلۇغ دۆلىتىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلان-
غان. بۇ ئالدىنقى چىن دەۋرىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
رايونى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئۇزاق مەزگىل ئىقتىساد،
مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ تا-
رىخىي مۇقەررەرلىكى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تەڭرىتاغنىڭ جە-
نۇب ۋە شىمالىدىكى جايلار مەركىزىي خانلىقنىڭ باشقۇرۇشى-
غا ئۆتكەن، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇق-
چىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قورۇقچىبەگلىرىنى ۋەزىپىگە بىۋا-
سىتە تەيىنلەيدىغان ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدىغان بول-
غان ھەمدە غەربىي يۇرتتا مەخسۇس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تىركەك ۋە ئوتتۇرانچى تىركەك
چېرىكچى دېگەندەك ئالىي مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغان، شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ
تامغا تارقىتىپ بېرىپ ھەم ئۇلارنى يەرلىكنىڭ كۈندىلىك
ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان. مىلادىيە 1953 -
يىلى، توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر قەدىمىي شەھەر
خارابىسىدىن چىققان تۇچ تامغىدا «خەن سۇلالىسىگە قارام
بولغان چياڭلار سەردارى» دېگەن خەتلەر بولۇپ، بۇ ئەھۋال
دەل شۇ چاغدىكى خەن سۇلالىسىنىڭ چياڭلارنىڭ سەردارىغا
تامغا تارقىتىپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. غەربىي
يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى
جايلارنىڭ ھونلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىغا رەھبەر-
لىك قىلغان، شۇنداقلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، يەرلىكتىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلىگەن، بۇ يەردە تۇرۇ-

ۋاتقان ئەسكەرلەر ۋە ئەلچى، سودىگەرلەرنىڭ ئاشلىق، قو-
نالغۇ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان. يەنە قەلئە، تۇرلارنى
سېلىپ، يىپەك يولىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرغان. غەربىي
يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،
ھەربىي ئىشلار تەدبىرلىرى غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، چېگ-
رىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بولغان
مايىللىقىنى كۈچەيتكەن. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جاي-
لارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا
زور ئىلگىرىلەش بولغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھ-
كىمىسىدىن ئىبارەت بۇ خىل باشقۇرۇش شەكلى ھەم مۇنا-
سىۋەتلىك سىياسەتلەر غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر
مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئۇنۇملۇك كاپالەت-
لىك قىلغان، شۇنداقلا كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەركىزىي خاند-
ىلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك ئۈلگە بولۇپ
قالغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى شىرەم تۇغقاند-
لارنىڭ پاراكەندىچىلىكى يۈز بەرگەن، ۋاڭ ماڭنىڭ ھاكىمد-
يەتنى تارتىۋېلىشى بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ سىياسىي ۋەزد-
يىتى مۇقىم بولمىغان. ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسد-
تى غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن، نامۇۋاپىق
مىللەت ۋە چېگرا سىياستى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالد-
نى قايتىدىن بۆلۈنمە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. بۇ خىل
ۋەزىيەت شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا
قەدەر داۋاملاشقان. ھون چەۋەندازلىرى پۇرسەتتىن پايدىلد-
نىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ غەربىي يۇرتنى يەنە كونتروللۇ-



قىغا ئالغان. مىلادىيە 73 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى
زور قوشۇن ئەۋەتىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان، خەن سۇلالد-
سى سانغۇنلىرىدىن دۇگۇ، گېڭ جۇڭلار جيۇچۇەن ۋە ئۇنىڭ
غەربىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارغان. ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ شد-
مالىي ئېتىكىدىكى ھونلارنىڭ قۇتقۇ خان قوۋمىغا ھۇجۇم
قىلىپ، ئىۋېرغول (بۈگۈنكى قۇمۇل شەھىرى) نى قولغا
كەلتۈرۈپ، بۇ يەردە «ئىۋېرغول چېرىكچى بېگى» نى تە-
سىس قىلغان ھەمدە بوز يەر ئېچىپ ئۆزىنى قامدىغان.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇگۇ قول ئاستىدىكى ئەمىرمە-
مار بەن چاۋ ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بىر كىچىك قوشۇن
تەشكىللەپ، ئۇلارنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن غەربكە قاراپ
يولغا چىقىپ قولدىن كەتكەن غەربىي يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش-
تەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا بۇيرۇغان. بەن چاۋ ئۆزد-
نىڭ مەشھۇر سىياسىيون، ھەربىي ئالىملىق تالانتى ۋە
غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن
قوللىشى ئاستىدا، ئالدى بىلەن پىشامشانغا بارغان، ئاندىن
ئۇدۇنلۇقلارنى بەزلەپ، سۇلېنى ئىشغال قىلغان. ئۇ چاغدا
شىمالدىكى يەرلەر يەنىلا ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمراند-
لىقى ئاستىدا ئىدى. جەنۇب ۋە شىمالدا ھەربىي يۈرۈش
قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى ھەرقايسى
جايلارنى خەن سۇلالىسىگە قايتىدىن بەيئەت قىلدۇرغان. بەن
چاۋ شەرقىي خەن مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى
ھەرقايسى جايلارغا قارىتا ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈ-
شىگە، شۇنداقلا غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ
مۇقىملىقىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بەن چاۋ كېيىن
غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، «يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى

بەگ» دېگەن مەنسەپكە ئېرىشكەن. بەن چاۋ مەنسەپتىكى
مەزگىلدە يەنە گەن يىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى مىلادىيە
97 ـ يىلى داكچىن (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) گە ئەلچە-
لىككە ئەۋەتكەن. ئەلچىلەر پارس قولتىقىغىچە بارغان. نەتى-
جىدە، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى رايونلار
ئوتتۇرىسىدا سىياسىي مۇناسىۋەت يېڭىمۇ كۈچەيگەن. بەن
چاۋ ياشىنىپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كەت-
كەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى بەن يۇڭ ئاتىسىنىڭ ئىشلى-
رىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مىلادىيە
125 ~ 127 ـ يىللار ئارىلىقىدا غەربىي يۇرت دورغاپى
دەستىكى بىلەن ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ،
هونلار ئىگىلەپ تۇرغان قوش، ئاگنى قاتارلىق جايلارنى
قايتۇرۇۋېلىپ، شەرقىي خەن هۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى
بىر تۇتاش باشقۇرۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. بەن يۇڭ
ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشى ۋە ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئاسا-
سىدا «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن
خاتىرە» نى يېزىپ چىققان. كېيىن جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋ-
رىدىكى فەن يې «كېيىنكى خەننامە» نى تۈزەتكەندە شۇنىڭغا
ئاساسەن «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نى يازغان، بۇ خەن
دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى تونۇشتۇ-
رۇلغان قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

## «يىپەك يولى» ۋە ئۇنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىككى خەن دەۋرىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ



جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارنى سىياسىي جەھەتتە باشقۇ-
رۇشنى كۈچەيتىشكە ئەگىشىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىق-
تىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاقىسىمۇ كېڭىيىپ،
«يىپەك يولى» يەنىمۇ ئاۋاتلاشقان. «يىپەك يولى» ئېلىمىز-
نىڭ چاڭئەن شەھىرىدىن باشلىنىپ شەنشى، گەنسۇ، شىن-
جاڭ قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق غەربتىكى ھەرقايسى جايلارغا بارىدى-
غان بولۇپ، بۇ قۇرۇقلۇق قاتناش يولى شەرق، ئوتتۇرا،
غەربىي بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن، يەنى چاڭئەندىن چىقىپ،
لۇڭشى (گەنسۇنىڭ غەربىي) ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ خېشى
كارىدورىدىكى قاشقوۋۇقچە قىسمى شەرقىي بۆلەك؛ داۋام-
لىق غەربكە قاراپ مېڭىپ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى
پامىر ئېگىزلىكى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا بارىدىغان
قىسمى ئوتتۇرا بۆلەك؛ پامىردىن يەنە داۋاملىق غەربكە قاراپ
مېڭىپ جەنۇبتا ھىندىستانغا، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي
ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى جايلارغا بارىدىغان
قىسمى غەربىي بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ «يىپەك يو-
لى» نىڭ ئەڭ مۇھىم بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئىككى خەن
سۇلالىسى مەزگىلىدە، «يىپەك يولى» نىڭ باشلىنىش نۇقتى-
سى بولغان چاڭئەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، غەربتە خېشى
كارىدورىغا بارغاندا، جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى
يول شىنجاڭ چېگرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. «خەننامە. غەر-
بىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «قاشقوۋۇق، ياڭگۇەندىن چىققان-
دىن كېيىن غەربىي يۇرتتا ئىككى يول بار، پىشامشاندىن
چىقىپ جەنۇبىي تاغنىڭ شىمالى ئارقىلىق دەريا بويلاپ غەرب-
كە ماڭغاندا ساكارائۇلغا يېتىپ بارىدۇ، بۇ جەنۇبىي يولدۇر،

جەنۇبىي يول بىلەن غەربكە قاراپ مېڭىپ پامىردىن ئۆتۈپ
ئۇلۇغ توخرىلار، ئارساككە بارغىلى بولىدۇ؛ ئالدى قوش
خانلىقىدىن چىقىپ شىمالنى بويلاپ غەربكە قاراپ ماڭغاندا
سۇلي (قەشقەر) گە يېتىپ بارىدۇ، بۇ شىمالىي يولدۇر،
شىمالىي يول بىلەن غەربكە قاراپ مېڭىپ پامىردىن ئۆتكەندە
پەرغانە، كانگىيە (بۇگۇنكى سەمەرقەنت)، ئائۇرسى (بۇ-
گۇنكى ئارال دېڭىزى ئەتراپى) گە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ»
دېيىلگەن. «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى غەربىي يۇرتنىڭ
ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بول-
غان. غەربىي يۇرتنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن زىغىر،
پۇرچاق، ئانار، سامساق، ئۈزۈم، بېدە قاتارلىقلار ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە تارقالغان، «دۇلدۇل» دەپ نام ئالغان پەرغا-
نىنىڭ ئېتى، ئۇسۇن ئېتى، ھەرخىل يۇڭ، تىۋىتلارمۇ
«يىپەك يولى» ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئۈزۈل-
مەي كىرىپ، ئىچكى جايلاردىكى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى-
نى تېخىمۇ بېيىتىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى زور دەرىجى-
دە ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكنىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى غەربىي يۇرتقا ھەم
غەربتىكى ياۋروپاغا تارقىلىشقا باشلىغان. ئارخېئولوگىيە
خادىملىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، كروران، نىيە قاتار-
لىق جايلاردىن خېلى كۆپ توقۇلما بويۇملارنى تاپقان. ئۇنىڭ
ئىچىدە خەنزۇچە خەت ياكى گۈل كەشتىلەنگەن، گۈل نۇس-
خىلىرى چۈشۈرۈلگەن يىپەك بۇيۇملارنىڭ تېپىلىشى بۇ نۇق-
تىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، نىيىدىكى شەرقىي خەن
دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىلىكتىن «ئىشلىرىڭىز قۇتلۇق بول-
سۇن» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن يىپەك، «چوڭلارغا ئۇ-



زاق ئۆمۈر، پەرزەنتلەرنىڭ ئىشلىرىغا قۇتلۇق تىلەكلەر يار
بولسۇن» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن يىپەك، «بەش يۇل-
تۇزنىڭ شەرقتىن چىقىشى جۇڭگو ئۈچۈن ئامەت» دېگەن
خەتلەر چۈشۈرۈلگەن يىپەك، «بەگ - تۆرىلەرنىڭ توي -
تۇكۇنى نورۇزدەك، پەرزەنتلىرى بەختلىك بولسۇن» دېگەن
خەتلەر چۈشۈرۈلگەن يىپەك قاتارلىقلار چىققان. ئەلۋەتتە،
بۇ خىل نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن يىپەكلەرنىڭ تارقىلىشى
پەقەت بىر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇش بولۇپلا
قالماي، يەنە ئىچكى جايلاردىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسى-
رىگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قوراللى-
رى، مەسىلەن، ساپان، ئوتىغۇچ قاتارلىق تۆمۈردىن ياسال-
غان دېھقانچىلىق قوراللىرى، قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسى،
تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى ھەمدە يېزا ئىگىلىك تەجرىبىلى-
رى، يەر تېرىش ئۇسۇللىرى ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەش-
تۈرۈشىگە ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا كىرىپ، تەڭرىتاغنىڭ
جەنۇب ۋە شىمالىدىكى دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى-
نىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بول-
غان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئىگى-
لىكتىن باشقا، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرتنىڭ قول ھۈنەر-
ۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، مەسىلەن، ساپال بۇيۇملارنى
ياساش، يۇڭ توقۇمىچىلىق، قاش تېشى يونۇش قاتارلىق
تېخنىكا ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسىمۇ خېلى ئۆسكەن،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىن ئىلگىرى - ئاخىر تېپىلغان زور مىقداردىكى
ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملارمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلى-

دى. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن خەن دەۋ-
رىدىكى غەربىي يۇرتتا خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇجۇ يارمىقى
ھەمدە ئىككى يۈزىدە خەت بار (بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەت،
يەنە بىر يۈزىگە يەرلىك خەلقلەر ئىشلىتىپ كەلگەن كارۇشتى
يېزىقى ئويۇلغان) يارماقنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ئەينى
چاغدا غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك را-
يونى بىلەن ناھايىتى زىچ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قىلغانلىقى-
نى، خەن دەۋرىدە بۇ رايونلارنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ جۇش
ئۇرۇپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەن-
زۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئەينى چاغدىكى غەربىي
يۇرتلۇق سودىگەرلەر ھەققىدىكى بىر نەزمىدە مۇنداق دېيىل-
گەن:

«رابات ئارا قاتناپ يۈرگەن بەندىلەرنى كۆپ كۆردۈم،
باردى - كەلدى ئۈزۈلگەننى ھېچ زامان مەن كۆرمىدىم.
غۇز كارۋىنى سارايلارنى لىق تولدۇرار ھەر كۈنى،
داستىخانىسىز - ھەرىكەتسىز ئۇلارنى ھېچ كۆرمىدىم.»

بۇ مىسرالار شۇ ھەقتىكى تارىخنىڭ ھەقىقىي ئىسپاتى
بولالايدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەت جەھەتتە، غەربىي يۇرتتىكى
جايلار ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا قوللىنىلغان كا-
رۇشتى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغاندىن باشقا، ھۆ-
كۈمەت ئەمەلدارلىرى ئومۇميۈزلۈك خەنزۇ يېزىقىنى قوللان-
غان. قوش تىللىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئارخېئو-
لوگىيىلىك بايقىلىشى تىلماچلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنىڭ
ئەينى چاغدا تەكرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى جايلارنىڭ



ھەممىسىدە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار ھەر مىللەت
خەلقلىرى ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققى-
يات ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خەن سۇلالىسىنىڭ
دەسلەپكى يىللىرى غەربىي يۇرتتىكى ھون، ئۇسۇنلاردا شا-
مان دىنى ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، ئەمما پېرسىيىنىڭ ئاتەشپە-
رەسلىك دىنى ھەمدە ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى مۇشۇ مەز-
گىللەردە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تارقىلىشقا باشلىغان.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتتىكى دىندارلار ئار-
قىلىق يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان. بۇددا
دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى بولۇپمۇ قەدىمىي جۇڭگو مەدەنى-
يىتىگە قوشۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىغا چوڭ-
قۇر تەسىر كۆرسەتكەن. سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ شەرققە كې-
لىشى، بولۇپمۇ قەدىمكى گرېك سەنئىتىنى ئۆزىگە مەزمۇن
قىلغان بۇددا ھەيكەلتىراشلىقى، رەسساملىقى تەكرىتاغنىڭ
جەنۇبىدىكى رايونلاردا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. خەن سۇلالى-
سىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى تاش كېمىر رەسىملىرى ھەمدە نۇر-
غۇنلىغان خەنزۇچە خاتىرىلەر ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرت-
نىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە
يەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچكى جايلارغا خېلى
زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

### مۇلاھىزە سوئاللىرى:

1. جۇغراپىيىلىك مۇھىت شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەق-
قىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟

2. قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ ئاھالىسى قانداق ئىر-
قىي ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

3. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەڭ.

4. «يىپەك يولى» غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا قانداق رول ئوينىغان؟



## 2. ۋېي، جىن دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى

جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىدا، مىلادىيە 220 ـ يىلى ساۋپى ۋېي پادشاھلىقىنى قۇرغاندىن تارتىپ مىلادىيە 581 ـ يىلى ياڭ جيەن سۈي سۇلالىسىنى قۇرغۇچە بولغان ئارىلىق «ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى» دەپ ئاتالغان. بۇ 360 نەچچە يىل جۇڭگو تارىخىدىكى بۆلۈنمە مەزگىل بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا نۇرغۇنلىغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر تەشكىللىنىپ، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى كۆپىيىپ، ھاكىمىيەت تولا ئالمىشىپ، مىللەتلەرنىڭ سىڭىشىش قەدىمى تېزلەشكەن. بۇ خىل ۋەزىيەت شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان.

### ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنى ئىدارە قىلىشى

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ يەنىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى سۇلالىلەر بىلەن ياكى رايون

خاراكتېرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن قويۇق بىر گەۋدىلىشىش
مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى
مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى بۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ
تەركىبىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن، ھەرقايسى قە-
بىلە گۇرۇھلىرى بىلەن مىللەتلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە
بېرىش - كېلىش ئالاقىلىرى بۇ رايوندا قىسمەن بىرلىككە
كېلىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ
بىرلىككە كېلىشىگە سىياسىي جەھەتتىن ئاساس سالغان. بۇ
مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن رەڭدار تۈسكە ئىگە غەربىي يۇرت
مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇڭگو تارىخىدا ئالاھىدە ئەھ-
مىيەتكە ئىگە بولغان.
شەرقىي خەن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، شىن-
جاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەم
ئىلگىرى - كېيىن ھاكىمىيەت تەشكىللىگەن قەدىمكى ئا-
ساسلىق مىللەتلەر سىيانپىيلار، جۇرجانلار، قاڭقىللار،
ئېفتالىتلار (ئاق ھونلار) ۋە تۈركلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ
مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ۋە
ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ رەڭدار تۈس
كىرگۈزگەن.
بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن غەربىي
يۇرتنى ئەڭ دەسلەپ ئىدارە قىلغىنى ئۇچ پادىشاھلىق دەۋرى-
دىكى ۋېي ھاكىمىيىتى بولۇپ، ۋېي پادىشاھلىقى بۇ يەردە
خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن. ۋېندىنىڭ خۇاڭ-
چۇ 2 - يىلى (221 - يىلى) غەربىي يۇرتتا تېركەك
چېرىكچى بەگ تۇرغۇزۇپ، بۇنى قۇجۇ (تۇرپان) دا تەسىس



قىلغان. مىڭدىنىڭ تەيخې يىللىرى (232 ~ 272 -
يىللار) غەربىي يۇرتتا دورغاپ تۇرغۇزۇپ، بۇنى لوپنۇرنىڭ
شەرقىي شىمالىدا تەسىس قىلغان. تارىخنامىلەردىكى خاتىرى-
لەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدىن «خەن سۇلالىسى زامانىسىدىكىدەك يىلمۇ-
يىل ئولپان كېلىپ تۇرغان». سى مايەن غەربىي جىن سۇلا-
لىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، «لياڭجۇ ئىلىاق بېگىگە قاراش-
لىق تېركەك چېرىكچى بەگ غەربىي يۇرتنى قوغدىغان، ئىش-
لار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدەك بولغان. جىن سۇلالىسى
دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئۆزگەرمىگەن». جىن سۇلالىسى غەربىي
يۇرتتا «چېرىكچىبەگ»، «كاھبەگ» قاتارلىق مەنسەپ ئە-
مەللىرىنى تەسىس قىلغان ھەم بۇ يەردىكى قەبىلىلەر ئاقسا-
قاللىرىغا نام - مەنسەپ، ئۇنۋانلارنى بەرگەن. كروران قا-
تارلىق جايلارغا يەر تېرىش ئۇچۇن ئۆكۈز ئىنئام قىلىپ شۇ
يەردىكى دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم
بەرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق جىن سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ
جەنۇب ۋە شىمالىدىكى جايلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى قوغ-
دىغان. بۇ مەزگىلدە، ئىچكى جايلاردا يۈز بەرگەن يېغىلىق-
تىن قېچىپ نۇرغۇنلىغان خەلقلەر غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ
كەلگەن. بۇلار ئىچىدە سودىگەر خەنزۇلارمۇ ئاز ئەمەس ئى-
دى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خادىملىرى كروران، لوپ-
نۇر قاتارلىق جايلاردىن خەنزۇچە خەت ئويۇلغان ياغاچ تار-
شا، ياغاچ قوزۇق ۋە قەغەزگە يېزىلغان خەت - چەكلەرنى
تاپتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرىدە جىن سۇلالىسى خاد-
لىرىنىڭ يىلنامىلىرى ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ،
بۇ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇ يېزىقىنىڭ بۇ يەردە ھۆكۈمەت يېزىقى

سۈيىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. خەنزۇچە خەتتىن باشقا پىشامشان، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق رايونلاردىكى مىللەتلەر يەنە كارۋشتى يېزىقىنى قوللانغان. بۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردىن مىلادىيە 4 ~ 5 - ئەسىرلەرگىچە ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونىدا قوللىنىلغان قەدىمكى يېزىق. بۇ يېزىقنىڭ شەكلى ئېشەك كالپۇكىغا ئوخشاش بولغاچقا، ئېلىمىزدە ئۇ «ئېشەك كالپۇكى يېزىقى» دەپ ئاتالغان. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا كارۋشتى يېزىقى مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، قارىقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىقلارغا تارقالغان بولۇپ، بۇ يېزىقنىڭ بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىرى زور بولغان. نىيە رايونىدىن تېپىلغان كارۋشتى يېزىقىدىكى خەت - چەك يەرلىك خەلقنىڭ جانلىق تىلى بويىچە يېزىلغان بولغاچقا، ئالىملار ئۇنى كارۋشتى نىيە ئاۋام تىلى دەپ ئاتىغان. بۇ خەت - چەكتىن باشقا يەنە، بۇ رايونلاردىن كارۋشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن پۇل، يەنە خەنزۇچە - كارۋشتىچە ئىككى خىل يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇل تېپىلدى. كارۋشتى يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى بۇددا دىنىي مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە شۇ چاغدىكى غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ مەنبەسىنىڭ كۆپ خىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

غەربىي جىن سۇلالىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، خېشى رايونىدا بۆلۈنمە (تەپرىقىچى) ھاكىمىيەت پەيدا بولغان. مەسىلەن، خەنزۇلاردىن جاڭ جەمەتى قۇرغان ئالدىنقى لياڭ، دىلاردىن لۈ جەمەتى



قۇرغان كېيىنكى لياڭ، خەنزۇلاردىن لى جەمەتى قۇرغان غەربىي لياڭ، ھونلاردىن جۈچۈ جەمەتى قۇرغان شىمالىي لياڭ، شيانپىيلاردىن توغبات جەمەتى قۇرغان جەنۇبىي لياڭ قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەسىرىنى قۇملۇقنىڭ غەربىگىچە كېڭەيتكەن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلار يەنە بىر مەزگىل يۇقىرىقى سۇلالىلەرنىڭ زېمىنى بولۇپ قالغان. غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۈزۈلمەي دېگۈدەك يېغىلىق بولۇپ تۇرغان، نەتىجىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كۆچكەن خەنزۇ پۇقرالىرى خېشى كارىدورى ئارقىلىق مىڭ بىر جاپادا ئىدىقۇتقا يېتىپ كەلگەن ھەمدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئىدىقۇتنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار شۇ سەۋەبتىن تېز سۈرئەتتە گۈللەنگەن. غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جاڭ جۈن ئەسكەر چىقىرىپ غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئىدىقۇت رايونىدا تەسىس قىلغان غەربىي يۇرت تىركەك چېرىكچىسى جاۋجېنغا جازا يۈرۈش قىلغان، «جاۋجېننى ئەسىرگە ئېلىپ قوجۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان». بۇ مەزگىل دەل شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ شيەن خې 2 - يىلى (مىلادىيە 327 - يىلى) ئىدى، ئىدىقۇت ۋىلايىتىنىڭ قارىمىقىدا ناھىيە، يېزا، كەنت قۇرۇلغان، ۋالىي، ئامبال، دورغا تۇرغۇزۇلغان. بۇلار غەربىي يۇرتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئوخشاش ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىككە كەلگەن سىياسىي تۈزۈلمىگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپا-

دىسى بولۇپ، شىنجاڭ تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى شىمالىي لياڭ سۇلالىسىدىكى
قۇتقۇ جەمەتى دۆلەت قۇرۇپ ئىدىقۇت ۋىلايىتىنى ئىگىدار قىل-
غانغا قەدەر، ئالدىنقى چىن سۇلالىسى، كېيىنكى لياڭ سۇ-
لالىسى، غەربىي لياڭ سۇلالىسى، دۇن جەمەت ھاكىمىيىتى
مەزگىللىرىدە ئىدىقۇت لياڭجۇ ئايمىقى ياكى[1] شاجۇ ئايمىقى-
نىڭ قارمىقىدىكى بىر ۋىلايەت بولۇپ كەلگەن.

## شىمال مىللەتلىرىنىڭ غەربىي يۇرت
## ۋەزىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

مىلادىيە 386 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قۇرۇل-
غاندىن كېيىن توغباتلار قۇرغان خانلىق قۇدرەت تاپقان ۋە
تەسىر دائىرىسى غەربىي يۇرتقىچە كېڭەيگەن. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا ياشاۋاتقان
جۇرجانلار، قاڭقىللار (ئولتۇرىدىغان ھارۋىلىرىنىڭ چاقى
ناھايىتى ئېگىز ۋە كۆپ شادىلىق بولغاچقا ئېگىز ھارۋىلىقلار
دەپ ئاتالغان)، ئېفتالىتلار قاتارلىق قەدىمىي مىللەتلەر بى-
لەن بىرلىكتە، تارىختا ئۈچمەس سەھىپە قالدۇرغان.

جۇرجانلار قەدىمكى زاماندا ياشىغان شىمالدىكى بىر
كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بوۋىسى گۇلو
دەسلەپتە سيانپېيلارغا بېقىنغان. مىلادىيە 402 ـ يىلى
سەللان جۇرجانلارنىڭ سەردارى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە تې-
خىمۇ كۈچەيگەن. ئەتراپىدىكى ئاجىز بەگلىكلەرنى يېڭىۋې-

① ئايماق — ۋىلايەتتىن چوڭ مەمۇرىي بىرلىك.



لىپ، جۇرجانلار دۆلىتىنى قۇرغان، ئەمەلىي كۈچىنىڭ زو-
رىيىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي يۇرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا
باشلىغان ۋە قارا شەھەر (كىنگىت)، ئىۋىرغول، قوچو،
كۇسەن قاتارلىق جايلارنى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.
خېلى بۇرۇندىن تارتىپ غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا
ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن شىمالىي ۋېي
سۇلالىسى بىلەن جۇرجانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىر-
دىنلا كۈچىيىپ يات ـ ياتقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇرغان.
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھەق ـ ئادالەت يولىنى تۇتقان يىل-
لاردا، غەربكە ئەسكەر چىقىرىپ جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىل-
غان ھەمدە پىشامشان قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالغان. «ئۇ-
لاردىن ئەسكەر ئېلىپ، ۋىلايەت ناھىيە تەسىس قىلغان».
ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە قارا شەھەرنى بېسىۋېلىپ، جۇرجانلار
بىلەن بولغان ئۇرۇشتا بەلگىلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈر-
گەن. تەخمىنەن مۇشۇ مەزگىلدە جۇرجانلارنىڭ قول ئاستىدا
تۇرۇۋاتقان قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ سەردارى
ئاپۇرغۇر بىلەن نەۋرە ئىنىسى چۇنچى قوشۇن تارتىپ جۇر-
جانلاردىن ئايرىلىپ چىققان. ئۇلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن
جەنۇبقا، يەنى تۇرپان ئويمانلىقىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن.
ئۇلار تۇرپاندا قاڭقىل دۆلىتىنى قۇرغان ھەمدە شىمالىي ۋېي
سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جۇرجانلارغا بىرلىكتە
قارشى تۇرغان.

مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، خېشى كارىدورى
رايونىدا ئۇرۇش پارتلاپ، سىياسىي داۋالغۇش يۈز بەرگەچ-
كە، خەنزۇ پۇقرالىرى تۇركۈم ـ تۇركۈملەپ ئىدىقۇت رايو-
نىغا كۆچۈپ كىرگەن. نەتىجىدە بۇ يەرنىڭ نوپۇسى بىردىنلا

كۆپىيىپ كەتكەن. شىمالىي لياڭ، شىمالىي ۋېي ۋە جور-
جانلار ئىدىقۇت رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالى-
شىپ، ئۇرۇش قىلغان، قايسى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىسە ئۆز-
لىرىگە مايىل ھۆكۈمراننى يۆلەپ تەختكە چىقارغان. بۇ خىل
ۋەزىيەت ئۇزاققا سوزۇلغان. ئىدىقۇتتا ئىلگىرى - ئاخىر
كەن شۇاڭ، كەن بوجو، جاڭ مېڭمىڭ، مارو قاتارلىق
خەنزۇلار ھوقۇق تۇتقان. مىلادىيە 499 - يىلى، جىنچېڭ
(ھازىرقى لەنجۇ) لىق خەنزۇ چۇجيا قۇجۇ رايونىنى بىرلىك-
كە كەلتۇرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋەزى-
يىتى مۇقىملاشقان. چۇ جەمەتى سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ مىلادىيە 640 - يىلىغا كەل-
گەندە گۇمران بولغان، ھۆكۈمرانلىق دەۋرى بىر يېرىم
ئەسىر داۋاملاشقان. قۇجۇدىكى چۇ جەمەتى قۇرغان بۇ سۇلالە
شۇ مەزگىللەردە غەربىي يۇرتتا خەنزۇلار قۇرغان بىردىنبىر
ھاكىمىيەت ئىدى. چۇ جەمەتى گەنسۇدىن قۇجۇ رايونىغا
كۆچۈپ كەلگەندە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ سىياسىي
تۈزۈمى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى شۇنداقلا مەدە-
نىيەت - سەنئىتى قاتارلىقلارنى بۇ جايغا ئېلىپ كىرگەن.
ئارخېئولوگلار تۇرپان رايونىدىن چىققان تارىخىي بۇيۇملار
ئىچىدە خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئاز ئەمەس-
لىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە چۇ جەمەتى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر-
لەرگە تەئەللۇق ھۆججەتلەرنىڭ ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئۇ-
لاردا ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشقا دائىر مەزمۇن-
لاردىن باشقا، يەر ئىجارىسى توختامى، دەپنە قىلىنغاندا ئىش-
لەتكەن بۇيۇملار ۋە قولدا كۆچۈرۈلگەن نوم، ئائىلە تەزكىرى-
سى قاتارلىقلارنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىغان. قىسقىسى، بۇ



ھۆججەتلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە دېگۈ-
دەك چېتىلاتتى. بىز بۇنىڭدىن ئەينى زاماندىكى قۇجۇ رايونى-
دا خەنزۇ تىل - يېزىقىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى بىلىۋالالاي-
مىز. چۇ جەمەتى كۇڭزىچىلار تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ، خان
ئوردىسىغا كۇڭزى ھەيكىلى قويۇلغانىدى، قۇجۇلۇقلار گەر-
چە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسىمۇ، بۇ دىن خەنزۇ-
لاردىن تارقالغانىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ دەۋرلەرگە تە-
ئەللۇق تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيى رەسىملىرى ئىچىدە خەن-
زۇلار ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان رەسىم ئىزنا-
لىرى بار.

بۇ دەۋردە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب - شىمالىغا ھىندى
ۋە رىم تارىخچىلىرى «ئاق ھون» دەپ ئاتىغان ئېفتالىتلار
ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇلار بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچ-
مەن چارۋىچى ئىدى. 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، غەربىي
يۇرتتىكى مالىمانچىلىق ۋەزىيىتىدىن پايدىلانغان ئېفتالىتلار
پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، جورجانلار قولىدىن كۇسەن،
سۇلې قاتارلىق يەرلەرنى تارتىۋالغان ھەمدە غەربىي يۇرتنى
تالىشىشقا قاتناشقان.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى
غەربىي يۇرتنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىدا،
تۈركلەرنىڭ كۆچىيىپ تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقى شۇبھى-
سىزكى، مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۈركلەرنىڭ ئانا ماكانى —
ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، شۇ نام
بىلەن ئاتالغان ئالتاي تېغى ئىدى. دەسلەپتە ئۇلار جورجان-
لارغا قارام بولۇپ، جورجانلار ئۈچۈن قورال - سايمان
ياساپ بېرىدىغان «تۆمۈرچى قۇل» لار ئىدى. جورجانلار ئۇ-

رۇشتا ھالسىرىغانسېرى، تۈركلەر كۈچىيىشكە باشلىغان ھەمدە جورجانلار بىلەن بولغان زىددىيىتى ئۆتكۈرلەشكەن. مىلادىيە 552 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ سەردارى ئاشىنا تۈمەن رەھبەرلىكىدىكى قوشۇن تېلىلارنى بويسۇندۇرغان ھەم جورجانلارنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، قۇدرەتلىك تۈرك دۆلىتىنى قۇرغان. تۈمەن ئۆزىنى «ئېل قاغان» دەپ ئاتاپ ئەسكەر چىقىرىپ ئىدىقۇت رايونىنى بويسۇندۇرغان. بۇنىڭ بىلە غەربىي يۇرتنىڭ ياشقا جايلىرى زىلزىلىگە كەلگەن. ئۇ يەنە ئۆز ئىنىسى ئىستەمىنگە داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. ئۇ غەربىي يۇرتنى ئىشغال قىلىپ يولتۇز ۋادىسى ئەتراپىنى پايتەخت قىلغان. جايلارنى تودۇن ئەۋەتىپ باشقۇرغان. ئىستەمى ئېفتالىتلارنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەن. بۈگۈنكى كۈندە، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى بارىكۆل يايلىقى، شۇنداقلا غەربكە سوزۇلغان ئالتاي، چۆچەك ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا تۈركلەرنىڭ قەبرىستانلىقلىرى تېپىلدى. بۇ جايلاردىكى تۈركلەرگە مەنسۇپ تاش بالباللار تارىختىكى تۈركلەرنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىدۇر. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى تۈركلەردە ئۆلۈغلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەبرە بېشىغا تاش ھەيكەل (بالبال) تىكلەش ئادىتى بار ئىكەن.

## كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتى

مىلادىيە 3 ~ 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي يۇرت مىللەتلىرىنىڭ تەكرار ـ تەكرار كۆچۈشى ۋە سىياسىي



ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆزئارا ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشقان، نەتىجىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇشى تېزلەشكەن. بەزى مىللەتلەر ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قىسىم يېڭى مىللەتلەر شەكىللەنگەن ۋە تارىخ سەھنىسىگە چىققان. مەسىلەن، تۈركلەر تۈرك دۆلىتىنى قۇرۇپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كەلگەن توققۇز ئوغۇز، شۇنداقلا شىمالدىكى شىرۋى، كىدان (قىتان)، تېلى، قىرغىز، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇلارغا قارام بولۇپ، تۈرك پۇقراسى بولغان. تۈرك قاغانى ئۇلارغا ئۆزگىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. بۇ مىللەتلەر ئەكسىچە تۈركلەرنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، مەسىلەن، تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلارنىڭ يېزىقى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ يېزىقىنى ياراتقان. قىسقىسى، تۈركلەرنىڭ بۇ رايوندىكى پائالىيىتى ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تۈركلەرنىڭ تارىختىكى شەرقتىن غەربكە كۆچۈپ، غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇش جەريانىنى «تۈركلىشىش» دەۋرى دەپ ئاتايدۇ.

ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى پارلاق ۋە ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان بۇددىزم مەدەنىيىتىنى

گەۋدىلەندۇرگەن ۋە ئۇنى شەكىللەندۇرگەن. شىنجاڭدىكى بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى رايونىنىڭ ئۆزىگە خاس بېكىنمە ۋە ئېچىۋېتىش خاراكتېرىنىڭ نىسبەتەن ئاجىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا نىسبەتەن چوڭ بىر قانچە تەبىئىي رايونلار سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن پىشامشان، ئۇدۇن، كۇسەن، قۇجۇ قاتارلىق خاس مەدەنىيەت بەلۋاغلىرى شەكىللەنگەن. مەسىلەن، قەدىمكى يېزىق ئەۋرىشكىلىرىنى تەھلىل قىلىشقا ئاساسلانغاندا، ھەرقايسى بەلۋاغلار ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولغان، پىشامشان، نىيە قاتارلىق جايلاردا ئارامى يېزىقى ئاساسىدىكى كارۇشتى يېزىقى؛ ئۇدۇن رايونىدا ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئۇدۇن ساك تىلى؛ كۇسەن، قارا شەھەر قاتارلىق جايلاردا ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بىراھمى يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كۇسەن ـ قارا شەھەر تىلى؛ تۇرپان رايونىدا خەنزۇ تىل ـ يېزىقى قوللىنىلغان. ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلىرى كۆپ خىل بولسىمۇ، يەنى بۇددا، مانى، شامان دىنى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، بۇددا دىنى يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان. بۇددا مۇرىتلىرى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ سان جەھەتتە كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. نوملارنىڭ شەرھى، تەرجىمىلىرى ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا چۈشۈرۈلگەن خىلمۇخىل نەقىش، بۇددىزم ئىدىيىلىرى مەزمۇن قىلىنغان تام رەسىملىرى سەنئىتى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، بۇ خىل گۈللىنىش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ مەز-



گىللەردە غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى ۋە گۈللىنىشى مەزكۇر رايوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مالىمان بولۇشى، مىللەتلەرنىڭ توختىماي كۆچۈشى، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ قويۇقلۇقى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەت مەنبەسىنىڭ كۆپ خىللىقىنى، مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى:

1. «ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى» نىڭ غەربىي يۇرتتا بارلىققا كېلىشى قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟
2. قۇجۇدىكى چۇ جەمەتى خاندانلىقى قانداق يەرلىك ھاكىمىيەت؟
3. تۈرك خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى پائالىيەتلىرى غەربىي يۇرت تارىخىي تەرەققىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟
4. بۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرت مىللەتلىرىنىڭ كۆچۈشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى گۈللىنىش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

## 3. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى
باشقۇرۇشى كۆلەم ۋە ۋاقىت جەھەتتىن ۋېي، جىن سۇلالىلىـ
رى، ئىككى خەن دەۋرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتـ
كەن. غەربىي يۇرتتىكى ھەرمىللەت خەلقى چېگرا رايون
ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ
ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشىغا غايەت زور
تۆھپىلەرنى قوشقان.

### سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋىلايەت تەسىس قىلىشى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ياڭ جيەن سۈي
سۇلالىسىنى قۇرۇپ، چېن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. سۈي سۇلالىسىنىڭ
تۈركلەرگە قىلغان جازا يۈرۈشى دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشـ
كەندىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان سودا ـ ئالاقە
جانلانغان. سۈي ياڭدى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزـ
گىلدە لەشكىرىي پىرقىدىكى يانداش بەگ پېيي جۈنى ئەلچى
قىلىپ جاڭيې، ۋۇۋېيغا ئەۋەتىپ غەربىي يۇرت بىلەن سوداـ



نى يولغا قويۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىـ
لىگەن. پېيي جۈ كېيىن ئۆزى ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساـ
سىدا «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىـ
رىلەر» نى تۈزۈپ چىقىپ، پادىشاھ سۈي ياڭدىغا تەقدىم
قىلغان. مىلادىيە 608 ـ يىلى سۈي سۇلالىسى قوشۇنلىرى
ئاراتۈرككە كىرىپ سىپىڭل سوققان، كېيىن پىشامشان،
چەرچەن، ئىۋىرغول قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتنى تەسىس قىلىپ
«ھەربىي تېرىقچىلىق قىلمىغانلار جازاغا ئۇچرايدۇ»، «كەڭ
كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلىپ كۈنپېتىشتىكى ھەرقايسى ۋىلاـ
يەتلەر ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك» دەپ قارىغان.
سۈي سۇلالىسى شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىغا
ئارىلىشىدىغان بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي تۈركلەر ئەلـ
چى ئەۋەتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەۋەلىكىنى بىلدۈرگەن،
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى جاي ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىـ
سى راۋانلاشقان. غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن،
ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىشىدىغانلار 30 نەچچە بەگلىككە
يەتكەن. سۈي سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تەسىرى شۇنىڭ بىلەن
تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا كېڭەيگەن.

مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە سۈي سۇلالىسى يىمىرىلىپ تاڭ
سۇلالىسى قۇرۇلغان. تاڭ تەيزۇڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى
تېلىلار بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتقاندىـ
دىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بۇ ئىشـ
تىن قاتتىق چۆچۈپ ھەرقايسى جايلارنىڭ خانلىرى تاڭ تەيـ
زۇڭغا ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە تاڭ تەيزۇڭنى
ھۆرمەتلەپ «تەڭرى قاغان» دەپ ئاتىغان. مىلادىيە 630 ـ

يىلى، ئىلگىرى غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان ئۈۋېرغول
بەگلىكى ئۆزىگە تەۋە يەتتە شەھەر بىلەن قوشۇلۇپ، تاڭ
سۇلالىسىگە ئەل بولغان. تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە غەربىي
ئۈۋېرغول ئايمىقى تەسىس قىلغان، بۇنىڭ تەسىرىدە غەربىي
يۇرتتىكى قۇجۇ، قاراشەھەر، كۇسەن، سۇلې قاتارلىق جاي-
لارمۇ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. بۇ هال تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە شەرت ـ
شارائىت يارىتىپ بەرگەن. 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى
قوشۇنلىرى چۆللۈكتىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى چى-
قىپ تۈركلەرگە ئەگەشكەن چۇ فامىلىلىكلەر هۆكۈمرانلىقى-
دىكى قۇجۇ قوشۇننى مەغلۇپ قىلغان، قۇجۇ رايونىمۇ تاڭ
سۇلالىسىگە تەۋە بولغان. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى بۇ
يەردە «غەربىي ئايماق» تەسىس قىلغان، يەنە بېشبالىق ئاي-
مىقىنى قۇرۇپ، قاغانبۇت شەھىرىنى بەرپا قىلغان. شۇ
يىلى ئەنشى قورۇقچىبېگى مەھكىمىسى قۇرۇلغان بولۇپ،
مەھكىمە ئورنى قۇجۇدا ئىدى، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي
يۇرتتا قۇرغان تۇنجى ھەربىي ـ مەمۇرىي ئاپپاراتى ئىدى.
نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن كېيىن 647 ـ يىلى تاڭ
سۇلالىسى زور لەشكىرى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ غەربىي
تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈشتەك ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرغان، ئارقىدىنلا
كىنگىت، كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلې قاتارلىق جايلاردا تۆتتۈق
مەھكىمە، مەھكىمە قارىمىقىدا ئايماقلارنى تەسىس قىلغان.
شۇنداقلا كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلې، سۇياب (هازىرقى قىرغى-
زىستاندىكى توقماق)تىن ئىبارەت تۆت قورغاننى قۇرۇپ
چىققان. بۇ تارىختا «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» دەپ ئاتال-



غان. نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت تەۋەلىكىدى-
كى جايلارنى باشقۇرۇش ۋەزىيىتى ئاساسەن شەكىللەنگەن.

## ئەنشى، بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە رولى

گاۋزۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل
بولغان غەربىي تۈرك سەردارى ئاشىنا قارا تاڭ سۇلالىسىدىن
يۈز ئۆرۈپ، غەربكە كۆچۈپ كەتكەن. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا
قارشى جازا يۇرۇشى قىلىپ ئاسىيلارنى تىنچىتقان. شيەنى-
چىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 657 ـ يىلى) تاڭ سانغۇنى سۇ
دىڭفاڭ ئاشىنامىش بىلەن جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىسكەنجىگە
ئېلىپ زەربە بېرىپ، غەربىي تۈركلەر توپىلىڭىنى تىنچىتى-
قان، غەربىي تۈركلەرنىڭ بارلىق زېمىنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى جايلار تاڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، شۇ-
نىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى-
نىڭ ئورنىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، باش مەھكىمە دەپ ئاتى-
غان. ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى شەرقتە ياڭ گۇەن، قاش-
قوۋۇقلاردىن تارتىپ، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى
ئارال دېڭىز ئەتراپىغىچە كېڭەيگەن، شۇنداقلا ئاشىنا قارا
تەۋەلىدىكى موڭغۇل دالاسى، ئىسسىقكۆلدىمۇ ئىككى قورۇق-
چىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلى-
غان، ئۇلار باش مەھكىمىگە تەۋە بولغان. مىلادىيە 622 ـ
يىلىدىن كېيىن تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتقا كىرگەن، غەربىي
تۈركلەرنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بۇلارغا قوشۇلغان، ئەنشى-
دىكى تۆت قورغان قولدىن كەتكەن. تاڭ سۇلالىسى ئەسكەر

چىقىرىپ بۇ تۇت قورغاننى قايتۇرۇۋالغان. مىلادىيە 702 - يىلى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋۇ زېتيەن تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئىلگىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان كۇنلىڭ قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنىغا تەسىس قىلىنغان (مەھكىمە ئورنى بۈگۈنكى جىمىسار ناھىيىسى تەۋەسىدە ئىدى)، جىڭلۇڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 790 - يىلى) بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن بېشبالىقنى مەركەز قىلغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جايلار ھەربىي - مەمۇرىي جەھەتتىن ئايرىم بىر رايون بولۇشقا يۈزلەنگەن. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى كەڭ رايونلارنى ئاساس قىلغان؛ ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بۇ چاغلاردا پەقەتلا تەڭرىتاغنى جەنۇبى ۋە كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارنى باشقۇرغان. تاڭ شۈەنزۇڭ ھۆكۈم سۈرگەن يىللىرى تاڭ سۇلالىسى «غەربىي چۆللۈك ساترايى» دېگەن مەنسەپنى تەسىس قىلغان، ئۇنىڭ دەرىجىسى ئەنشى، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى ئىدى، ئەينى يىللاردا مەملىكەتتىكى سەككىز چوڭ ساتراپنىڭ بىرى ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئاپپاراتى ۋە ئەمەل - مەنسەپ سىستېمىسىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن جايلارنى باشقۇرۇشتا ئەمەلىيەتتە ئىككى ياقلىمىلىقتا ئىگە ئالاھىدە بىر خىل تۈزۈمنى يولغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، يەنى خەنزۇلار ۋە ياتلارنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇش تۈزۈمىنى



يۈرگۈزۈپ، خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئىۋىرغول ئايمىقى، غەربىي ئايماق ۋە بېشبالىق ئايمىقى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە، ئىچكىرى بىلەن ئوخشاش مەمۇرىي ئاپپاراتقا، جۇملىدىن ئايماق، ناھىيە، يېزا، مەھەللىلەرگە بۆلۈپ ئىدارە قىلغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە نوپۇسقا قاراپ يەر تەقسىم قىلىش ۋە يەر ئىجارىسى ئېلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن؛ ھەربىي جەھەتتە مەھكىمە لەشكەرلىرى تۈزۈمى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي تۈزۈمى) نى يولغا قويغان. بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئىدىقۇت ناھىيىسى، تەڭرىتاغ ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى ۋە لۇكچۇن ناھىيىسى ئامباللىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان كۆپلىگەن خەنزۇچە ھۆججەتلەرنى بايقىغان، شۇ مەزگىلدە بۇ ناھىيىلەر غەربىي ئايماققا تەۋە ئىدى. ئاتالمىش «سى مەنسەپكە ئېرىشتى»، «جاڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلدى» دېگەن مەزمۇندىكى ھۆججەتلەرنىڭ قېزىۋېلىنىشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمىنىڭ بۇ يەردىمۇ قوللىنىلغانلىقىدەك ئەھۋاللاردىن بېشارەت بېرىدۇ، يۇقىرىقى ناملار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش بۇيرۇقى ئىدى. مەزكۇر جايلاردا تېپىلغان مەخسۇس نوپۇس ۋە تېرىلغۇ يەر ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن «قولىيازما» ھۆججەت، باج يىغقاندا چۈشكەن «تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلى»، شۇنداقلا «غەربىي ئايماقنىڭ تىجارەتچىلەر روېخىتى» قاتارلىق ھۆججەتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار تۈزۈمىنىڭ بۇ رايوندا كەڭ كۆلەمدە قوللى-

نىلغانلىقىنىڭ پولاتتەك پاكىتى بولالايدۇ. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەنزۇلار توپلىنىشىپ ئولتۇراقلاشمىغان رايونلاردا، ئومۇمەن ئوبلاست، ۋىلايەت تەسىس قىلىپ قارام قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان سەردارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىمتىيازىنى قوغداش ھەمدە ئۇلارغا ئەمەل ـ مەنسەپ تارتۇق قىلىش ئىدى. «مەيلى قەبىلىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئۇلارغا ئايماق بېگىدىن تۆۋەن ئەمەل ـ مەرتىۋە بەرگەن»، ئەمەلدارلارغا تاڭ سۇلالىسى مۆھۈر ـ تامغا، دەستەك تارقىتىپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى يەنە ئەۋلادلىرىغا مىراس قالاتتى. ئۇلارنى كونا قائىدە ـ يوسۇن بويىچە يۇرت سورىشىغا، سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن خەلقنىڭ نوپۇسىنى تىزىمغا ئالدۇرماسلىقىغا يول قويۇلغان.

## تاڭ دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى

تاڭ دەۋرىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارنىڭ جەمئىيەت قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيگەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ دېھقانچىلىق باشلانغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىق تېرىم



مەيدانلىرى، شەھەرلەر شۇنداقلا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تۇرپان، جىمسار قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمەت زور كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش، ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانغان. ھۆكۈمەتنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان ئورگىنى «مىرابخانا» نىڭ بارلىققا كېلىشى، ساپال ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. قول سانائىتى جەھەتتە، تۆمۈر، مىس، پولات، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىقلارنى قېزىش، تاۋلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، كۈمۈش تەڭگە پۇللارنىڭ قۇيۇلۇشى، ئىدىقۇتنىڭ پاختا توقۇلمىلىرى — بەقەسەم، يۇڭ رەخت، كۇسەننىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى قاتارلىقلار غەربىي يۇرتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا بازارلىق مال ئىدى. قەغەز ياساش، خۇرۇم ئىشلەش، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن نەپىس بۇيۇملار سانائىتى بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەنىدى. تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ سودا ـ سېتىقى جانلانغان، «يىپەك يولى» تېخىمۇ كېڭەيگەن، بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاق يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى غەربىي يۇرت بىلەن قوشنا رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىق ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان. تاڭ سۇلالىسى قاتناش ۋە سودا يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ يىپەك يولىنى بويلاپ ھەربىي قاراۋۇلخانا، ئۆتەڭ ـ سارايلارنى سالغان، يولۇچىلار ۋە سودىگەرلەر سۇ، قۇرۇقلۇق

يوللىرىغا جايلاشقان تەكشۈرۈش پونكىتلىرىغا كەلگەندە يولغا
خېتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، بۇ ئەسلىھەلەر ۋە قانۇنىي بەل-
گىلىمىلەر ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە
قىلىشىغا قولايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سودا - سې-
تىق، ساياھەتچىلىك ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ
زور قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. تاڭ دەۋرىدىكى شائىر جاڭ
جى: «سان ساناقسىز كولدۇرمىلارنىڭ ئاۋازى چۆللۈكتە
ئاڭلىناتتى، ئات - تۆگىلىك كارۋانلار ئەنشىگە يېتىپ باراتت-
تى» دېگەن شېئىرىي مىسرالىرىدا ناھايىتى جانلىق ھالدا
غەربىي يۇرت بىلەن ئەينى چاغدىكى ئىچكى جۇڭگونىڭ
سودا - ئالاقىسىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.
شېئىردىكى ئەنشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۇسەندە تەسىس قىل-
غان ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. تاۋار
ئالماشتۇرۇش ئوخشاشلا پۇلنىڭ تارقىلىشى ۋە ئوبوروت بو-
لۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇ چاغدا تەڭرىتاغنىڭ
جەنۇب - شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردا، تاڭ سۇلالىسى
پۇلىدىن تاشقىرى، يەرلىك خەلقلەر قۇيغان كۇسەن پۇلى،
تۈركەش - قارلۇق خانلىقىنىڭ مىس يارمىقى، شۇنداقلا
پارسلارنىڭ مېتال پۇلى، يەنە تېخى غەربىي ئاسىيا ئەللىرى-
نىڭ ئالتۇن، كۈمۈش پۇللىرى ئىشلىتىلگەن.

تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرت مەدەنىيەت - سەنئىتى قولغا
كەلتۈرگەن نەتىجە ئالدىنقى دەۋرلەردىن غايەت زور دەرىجىدە
ئېشىپ كەتكەن. بۇ يەردە كۆپ خىل تىل - يېزىقلارنىڭ
تارقىلىشى غەربىي يۇرتنىڭ ئەنە شۇ دەۋر خەلقئارا مەدەنىيەت
ئالاقىسىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بې-
رىدۇ. غەربىي يۇرت ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى چاڭ-



ئەنگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، تاڭ دەۋرىدىكى ئون
چوڭ مۇزىكا ئىچىدە غەربىي يۇرت مۇزىكىسىدىن ئۈچى (سۇ-
لې مۇزىكىسى، كۇسەن مۇزىكىسى، ئىدىقۇت مۇزىكىسى)
بار ئىدى. بەي مىڭدا، پېي شېڭنۇ، ۋېي چىچىڭ قاتارلىق
غەربىي يۇرت كومپوزىتورلىرى ئورۇنداش ماھارىتى جەھەتتە
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە زىلزىلە پەيدا قىلغان؛ شاش ئۇسسۇلى،
باش ئۇسسۇلى، قۇيۇن ئۇسسۇلى، سەكرىمە ئۇسسۇل قاتار-
لىقلار ئوردىدا ئالقىش قوزغىغان.

غەربىي يۇرت رەسسامى ۋىسا چىيىزېڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى
ۋىسا چىچىنانىڭ قاپارتما رەسىملىرىدىكى ئاجايىپ يۇقىرى
ماھارەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رەسساملىق ئۇسلۇبىنىڭ ئۆز-
گىرىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ھىندىستاندىن
كىرگەن بۇددا دىنى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى غەربىي يۇرت
مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، قويۇق يەرلىك پۇراقىقا ئىگە
بولغان ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، جۇڭگو ئەنئە-
نىۋى مەدەنىيىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن. ئوتتۇ-
را تۈزلەڭلىكتىكى بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ غەربىي يۇرتتىن
ئۆتۈپ، ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغاندا، «بۈيۈك تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسە-
رىنى يېزىپ قالدۇرغان. غەربىي يۇرتنىڭ كىيىم - كې-
چەك، يېمەك - ئىچمەك، بىناكارلىق ئۇسلۇبى، ئۆرپ -
ئادىتى شەرققە تارقىلىپ تاڭ مەدەنىيىتىنى زور دەرىجىدە
بېيىتقان. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەدەبىيات مۇنبىرى-
دە جۇلالىغان، چېگرا رايوندىكى دالا تۇرمۇشى ۋە غەربىي
يۇرتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان شېئىرلار تاڭ
نەزمىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزگىچە پۇراقىقا ئىگە سۇلماس

گۈلگە ئايلانغان، شۇنىڭدەك كۆۋرۈكچىلار مەدەنىيىتى ۋە ئىچكى جۇڭگودا ئەۋج ئالغان تەرىقەت دىنى غەربىي يۇرتقا تارقالغان. تارىخىي ھۆججەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرتتا خەنزۇلارنىڭ نوم ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىش ئادىتى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىشنىڭ بىر خىل يولى بولغان. قوجوغا ئوخشاش خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مەخسۇس مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان. تۇرپاندىن «ماۋچاڭ ـ ماۋخىڭ نەزمىلىرى»، «مۇھاكىمە ۋە بايان. جىڭ جەمەتىنىڭ شەرھى»، «ۋاپانامە» قاتارلىق كوڭزى تەلىماتىغا ئائىت قوليازمىلار، تويىن دىنىنىڭ پۈتۈكلىرى، نوم ـ ۋەسىقىلەر تېپىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان «مۇھاكىمە ۋە بايان. جىڭ جەمەتىنىڭ شەرھى» بولسا 12 ياشلىق مۇرىت (ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى) پۇتيەنشو تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن (ۋاقتى تاڭ سۇلالىسى جىڭلۇڭنىڭ 4 ـ يىلى، مىلادىيە 710 ـ يىلى). ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاڭ دەۋرىدىكى «مۇھاكىمە ۋە بايان. جىڭ جەمەتىنىڭ شەرھى» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇشى نۇقتىسىدىنمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىكەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خەنزۇ كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىقۇت رايونىغا تارقىلىشى شۇ زاماندا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.



## تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ۋە ئۇدۇندىكى لى جەمەتى خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب ئىمپېرىيىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇسۇپ ئۆتكەن، مىلادىيە 751 ـ يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى پامىرنىڭ شەرقى بىلەن چەكلەنگەن. ئىسلام دىنىنى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشىغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە سىڭىپ كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ئىسلامىيەتكە ئۆتكەن ھەمدە ئىسلام دىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقىلىشتىكى كۆۋرۈككە ئايلانغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۈبۈتلەر (زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى) نىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا كىرگەن ھەمدە بەزى رايونلارنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. مىلادىيە 755 ـ يىلى «ئەنلۇك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى» دىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنى ئىچكىرىگە يۆتكىگەن، تۈبۈتلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لۇڭيۇ، خېشى ۋە ئەنشىگە قاراشلىق تۆت قورغاننى ھەمدە پۈتكۈل غەربىي يۇرتنى بېسىۋالغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدا، يەنى قەدىمكى مىرەن ۋادىسىدا تۈبۈتلەر ئەينى چاغدا ياسىغان شەھەر خارابىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار بۇ يەردىن زور مىقداردىكى مەدەنىي يادىكارلىق ۋە تۈبۈت يېزىقىدا يېزىلغان تازشا پۈتۈكلەرنى قېزىپ ئالغان، تۈبۈت-

لەرنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ھاكىمىيىتى ئاخىرقى ھېسابتا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنىڭ قىسمەن بىرلىكىنى قوغداپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى توسقان ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، شىمالدىكى بىر قىسىم چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ (قارلۇق، قىرغىزلار، ئۇيغۇرلار) نىڭ غەربكە كۆچۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن.

بۇ مەزگىلدە تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇدۇن رايونىدا لى جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۆلۈنمە سۇلالە بارلىققا كەلگەن. ئۇدۇننىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، بۇددا دىنى ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ يەرگە كىرگەن ھەمدە ئىچكى جۇڭگوغا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇدۇن رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى ۋىسارا جەمەتى ئىدى. مىلادىيە 912 ـ يىلى ۋىسارا ساباپا ئۇدۇن پادىشاھى بولغان ۋە تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان، فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ تاڭ خاندانلىقىنىڭ فامىلىسى بولغان لى فامىلىسىنى قوللانغان ۋە ئۆزىنى «ساماۋى پادىشاھ لى» دەپ ئاتىغان. بۇ سۇلالە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ پادىشاھمۇ خەنزۇچە كىيىنىپ، خەنزۇ يىلنامىسىنى قوللانغان، مەمۇرىي ئاپپارات ۋە ئەمەل ناملىرىمۇ خەنزۇچە ئىدى. دۇنخۇاڭدىكى رەسىملەردە بۇ توغرۇلۇق خاتىرىلەر بار. لى جەمەتى سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان



مۇناسىۋىتىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن، ھەتتا ئۇلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خېشى ھېراۋۇلى ساۋ جەمەتى ئوتتۇرىسىدا قۇدىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ سۇلالە تەخمىنەن مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېڭىدىن گۈللەنگەن قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

## ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى

بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن يەنە بىر مۇھىم ۋەقە — ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە ئۇلار قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ غەربىي يۇرت تارىخىغا كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرىدۇر.

مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايدىغان قىرغىزلار تەرىپىدىن مۇنقەرىز قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا كىرگەن. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى ۋە تۈبۈت ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن غەربىي يۇرتتىكى بۆلۈنمىچىلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، تېز تەرەققىي قىلغان ھەمدە شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلار دەسلەپتە خۇيخې دەپ ئاتالغان، بۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادىنىڭ

ئاتىلىشى بولۇپ، مەنىسى «بىرلەشمەك، ئۇيۇشماق، ئىتتىـ
پاقلاشماق» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنكى 维吾尔
دېگەن نام «خۇيخې» بىلەن «خۇيگۇ» (خۇيخۇ) نىڭ ئاھاڭ
تەرجىمىسىدۇر. ئۇيغۇرلار ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەت.
ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن
شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر دىڭلىڭ، قاڭقىللار،
تېلىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئېتنىك مەنبەلىرىدىن ئىدى.
خۇيخې دېگەن نام مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ خەنزۇچە
خاتىرىلەردە ئۇچراشقا باشلىغان. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلار نىسـ
بەتەن كىچىك، ئەمەلىي كۈچى ئاجىز قەبىلە بولۇپ، دائىم
دېگۈدەك باشقا كۈچلۈك قەبىلە ياكى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان، «سۇ، ئوتلاق» قوغلىشىپ چارۋىـ
چىلىق قىلىدىغان مىللەت ئىدى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
ئۇيغۇرلار ئۇيۇشۇپ باشقا قەبىلىلەرنى قوشۇۋېلىپ كۈچـ
يىشكە باشلىغان ۋە تۈركلەرنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىدىن
قۇتۇلغان. تاڭ سۇلالىسى چېنگۇەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا
ئۇيغۇرلار تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ تۈركلەرنى
مەغلۇپ قىلغان. جېنگۇەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 629 ـ
يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. جېنگـۇەننىڭ
21 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى تۇمىد قوۋمىنى باشلاـ
پ تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان، تاڭ سۇلالىسى يەنرەن قورۇقـ
چىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرۇپ (كېيىن دەشتى ماكان مەھـ
كىمىسىگە ئۆزگەرتكەن) تۇمىدنى باش قورۇقچىبەگلىككە
تەيىنلىگەن. مىلادىيە 646 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنى «قاغان» دەپ
جاكارلىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىتتىپاقى دەسلەپكى قەـ
دەمدە قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن



قاغانلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ،
غەربىي تۈركلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا مۇھىم تۆھپە
قوشقان. مىلادىيە 743 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى كۆل
بىلگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە تۈركلەرنىڭ ئۇزمىش قاـ
غانىنى ئەسىرگە ئېلىپ، تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان. 2 ـ
يىلى بۇ خەۋەر پايتەختكە يېتىپ كەلگەن، تاڭ سۇلالىسى
پادىشاھى تەيزۇڭ ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئىتاـ
ئەتمەن كۆل قاغان» دېگەن نامنى بەرگەن، ئۇ ئۆزىنى «قۇتـ
لۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ
قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار قوملۇقنىڭ شىماـ
لىدىكى جايلارنىڭ تۈركلەردىن كېيىنكى خوجىدارىغا ئايلانـ
غان ۋە «تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئىگىلەپ، ئۆتۈـ
كەن تېغىغا بارگاھ قۇرغان.» ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن
كېيىن، تاڭ سـۇلالىسى تيەنبـاۋنىڭ 4 ـ يىلى (مىـلادىيە
745 ـ يىلى)، تاڭ شۈەنزۇڭ كۆل بىلگىنى «ئىتائەتمەن
قاغان» دەپ ئاتىغان. ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىساـ
دىي مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان. «ئۆڭلۈك ـ سۆيـ
گۈن توپىلىڭى» پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خاقانى مويۇنـ
چۇر تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئاتلىق قوشۇنلىـ
رىنى باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، توپىلاڭنى تىنـ
چىتقان ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە تۆھپە
قوشقان. كېيىن تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئارزۇسىنى
قاندۇرۇپ، نىڭگو مەلىكىنى مويۇنچۇرغا ياتلىق قىلغان.
ئەينى چاغدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان
مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇيغۇرلار ۋە شىمالدىكى باشقا
مىللەتلەر تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنى ھۆرمەتلەپ «مەڭگۈلۈك

دۆلەتمەن» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇيغۇرلار ئۆز رايونىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تۇتىشىدىغان چوڭ يول ياساپ، «ئەرش يولى» دەپ ئاتىغان ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەن. مىلادىيە 787 - يىلى ئۇيغۇر قاغانى تۇنباغا ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىدىن «خۇيخې» نى «خۇيخۇ» (كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقاردەك چەبدەس، دېگەن مەنىدە) گە ئۆزگەرتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. تاڭ پادىشاھى دېزۇڭ تۇنباغانىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا «تەڭرىگە يېقىن قاغان» دەپ نام بەرگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «خۇيخۇ» (ئۇيغۇر) دېگەن نام قوللىنىلىشقا باشلىغان.

مىلادىيە 840 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، ئۇيغۇرلار زور ئىقتىسادىي تالاپەتكە ئۇچرىغان، سىياسىي ۋەزىيەتتە بۆھران يۈز بېرىپ، قىرغىزلار 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كىرگەن، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتى شۇنىڭ بىلەن پارچىلانغان.

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئاھالىسى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈركۈمى جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان ھەمدە ئاساسەن خەنزۇلارغا ئاسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن؛ يەنە بىر قىسمى غەربكە كۆچكەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خېشى رايونىدا قۇرۇلغان گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، تۇرپان رايونىدا قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، زېمىنى كۇسەننىڭ جەنۇبى، كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراخانىيلار سۇلالىسى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىسىگە تەۋە يۇغۇلارنىڭ① ئەجدادلىرى بولغان، قالغان كۆپ قىسمى تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن، يەنى موڭغۇللار دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا سىڭىشىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلاردىن غەربكە كۆچۈپ، كۆكئارتقا كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن شۇ جايلاردىكى باشقا مىللەتلەر ئىتتىپاق تۈزۈپ (مەسىلەن، ياغما، قارلۇقلار) قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتتۇر. بەزىدە 黑汗王朝 دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى «بىلگە كۆل قادىرخان» ئىكەن. بىلگە كۆل قادىرخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بالاساغۇن ۋە بۈگۈنكى قەشقەر رايونىنى مەركەز قىلىپ، قۇدرەتلىك يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرغان. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ساتۇق بۇغراخان ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆزى باش بولۇپ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاراخانىيلار سۇلالىسى كوئېنلۇننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بۇددىستلار دۆلىتى ئۇدۇن لى جەمەتى سۇلالىسىنى يوقىتىۋېتىپ، ئەمەلىي كۈچىنى زورايتقان. ئۇردا ئەھلىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ئىسلام دىنى قورال

① سېرىق ئۇيغۇر.

كۆچى ۋە تىنچ تەلىم ـ تەربىيە ئاساسىدا كەڭ تارقالغان. مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىدى-
كى كۇچا ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا جايلارمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەن، نەتىجىدە شىنجاڭدا بۇددىزم مەدەنىيىتى يېڭىدىن گۈللىنىشكە باشلىغان ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئورۇن بوشى-
تىشتەك بىر تارىخىي سەھىپە ئېچىلغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىل-
گىرىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇلارنىڭ پا-
دىشاھلىرى ئۆزلىرىنى «تابغاچ خان» دەپ ئاتاشقان، بۇ «جۇڭگونىڭ خانى» دېگەنلىك ئىدى. مىلادىيە 1009 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى سۇڭ خاندانلىقىغا سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بارغان، مىلادىيە 1063 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسى قاراخانىيلار سۇلالىسى خاقانىغا «ساداقەتمەن قارا-
خان» دەپ نام بەرگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە شىن-
جاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان.

بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ تۇرغىنى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بولسا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئىدىقۇت (بۈگۈنكى تۇرپان رايونى)، بېشبالىق (بۈ-
گۈنكى جىمسار) قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر-
لار ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇلارنىڭ نامى «بېشبالىق ئۇيغۇرلىرى»، «كۇسەن ئۇيغۇرلىرى»، «غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى»، «قۇجۇ ئۇي-



غۇرلىرى»، «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دەپ قەيت قىلىنغان. «توققۇز ئوغۇز»، «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» دې-
گەن ناملارمۇ بەزىدە ئاشۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتى جەنۇبقا كېڭىيىپ، بېشبالىق، غەربىي ئايماق قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان، مىلادىيە 840 ـ يىلى پان تېكىن قۇرغان ئاتىز جەمەتىنىڭ ئەنشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى (كۇسەن ئۇيغۇر دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلى-
دۇ) نى باشلىنىش دېسەك، تاڭ شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 866 ـ يىلى) بېشبالىقتىكى «ئۇيغۇر سەردارى» بوكۇقۇن ئەسكەر چىقىرىپ غەربىي ئايماقنى مەغلۇپ قى-
لىپ، بۆكۈ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي ئايماق ئۇي-
غۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ھەمدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمى-
يىتىگە پۇختا ئاساس سالغان. مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن، يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1280 ـ يىلى) ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن نۇرىن تېكىن يۈەن سۇلالى-
سىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، گەن-
سۇدىكى يۇڭچاڭغا كۆچۈپ بارغان، ئەسلىدىكى ئىدىقۇت ئۇي-
غۇرلىرىغا تەۋە جايلار بىلەن يۈەن سۇلالىسىگە بىۋاستە قارىغان، كېيىنكى مەزگىللەردە بولسا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋ-
لادلىرى قۇرغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بول-
غان، بۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى دەۋرىنىڭ ئاخىرلاش-
قانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرى-

نىنىڭ ئاخىرىدا ئىدىقۇت رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۆزىنىڭ
ھاكىمىيىتىنى قۇرغاندىن باشلاپ، بەش دەۋر، سۇڭ، غەر-
بىي لياۋ سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ
ئوتتۇرىلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمى-
يىتى راسا گۈللەنگەن مەزگىلدە زېمىنى شەرقتە شاجۇ،
غەربتە قاراشەھەر، كۇچاغىچە، جەنۇبتا خوتەن، شىمالدا
ئىلىغىچە يېتىپ بارغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسا-
دى گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇلار ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى سوغدى يېزىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز يېزىقى-
نى ئىجاد قىلغان، بۇ خىل يېزىق شەرق - غەرب مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلى-
رى ئىلگىرى - ئاخىر مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان
دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان. يېقىنقى
زاماندا ئارخېئولوگلار مەزكۇر رايوندىن زور مىقداردا ئۇيغۇر
تىل - يېزىقىدا يېزىلغان دىنىي كلاسسىك ئەسەرلەر، بۇددا
دىنىغا ئائىت دراما «مايتىرى سىمىت»، ئۆرپ - ئادەتكە
دائىر ھۆججەت - ماتېرىياللار ۋە ھەيكەل، تام رەسىمى،
باسما ھەرپ قالدۇقلىرى قاتارلىقلارنى تاپقان. بۇلار ئىدىقۇت
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا يۇقى-
رى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆز تارىخىدا قۇدرەتلىك ھەربىي
كۆچ ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئاساسىنى بەرپا قىلىپلا قالماس-
تىن، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددىي -
مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىما-
ئىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ،
يۈكسەلدۈرۈپ، غەربىي يۇرتتىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدى-



غان باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن.
شۇنىڭ بىلەن باشقا خەلقلەرنى، يەنى ئەڭ بۇرۇن بۇ رايوندا
پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۇخرىلار، خەنزۇلار ۋە ئىل-
گىرى - كېيىن ئۇيغۇرلارغا بەيئەت قىلغان، قارلۇق، ياغما
قاتارلىقلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ
تەركىبىگە يېڭىدىن سىڭىپ قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ
ئۆزگىچە مەدەنىيەت يارىتىشىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي،
بەلكى ئۇلارنى پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە
قىلغان. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى
ئەڭ ئاساسلىق مىللەتكە ئايلىنىشىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى
ئىدى.

## غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىلادىيە 1124 - يىلى، جۇرچېتلار قۇرغان جىن سۇلا-
لىسى لياۋ سۇلالىسىنى يوقاتقان، ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا يەنە
بىر كۈچلۈك كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھاكىمىيىتى بارلىققا
كەلگەن. نەتىجىدە مەغلۇپ بولغان لياۋ خان جەمەتىدىن
ياللۇغ تاشىن قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئىدىقۇت ئېلىگە
ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەسىر
دائىرىسى غەربتە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيگەن. مىلادىيە
1131 - يىلى قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم شەھىرى بالاساغۇننى
ئىشغال قىلىپ، غەربىي لياۋ (قاراقىتان) ھاكىمىيىتىنى
قۇرغان. غەربىي لياۋنىڭ تېررىتورىيىسى غەربىي جەنۇبتا
ئامۇ دەرياسىغىچە، غەربىي شىمالدا بالقاش كۆلىگىچە سوزۇ-
لۇپ، شەرقتە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى كەڭ را-

يونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. غەربىي لياۋ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان يەرلىك مىللەتلەر ئۇنىڭغا ئەل بولغان. ياللۇغ تاشىن يەنىلا بۇرۇنقى لياۋ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قوللىنىپ خەنزۇلارنىڭ كۆڭزىچىلىق مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان شۇنداقلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئەمما، باشقا دىنلارنىمۇ چەتكە قاقمىغان، باج - سېلىقلارنى يېنىكلەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر مەزگىل تەسىر كۆرسەتكەن. «قىتان» دېگەن بۇ نام تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى بەزى تىللاردا جۇڭگو دېگەن مەنىدە قوللىنىلماقتا.

مىلادىيە 13 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي رايونىدا ياشاۋاتقان نايمان قەبىلىسى يېڭىدىن گۈللەنگەن چىڭگىزخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. شاھزادە كۈچلۈك غەربكە قېچىپ بېرىپ، غەربىي لياۋنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمرانى جىرغۇ (چۇرۇق) نىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، شاھلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان.

**مۇلاھىزە سوئاللىرى:**

1. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى قانداق ئىدارە قىلغان؟

2. غەربىي يۇرت مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى بايان قىلىڭ.



3. تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى بايان قىلىڭ.

4. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟

5. نېمە ئۈچۈن ياۋروپالىقلار جۇڭگونى «قىتان» دەپ ئاتايدۇ؟

# 4. يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىقى

مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللارنىڭ بۆرتېكىن قەبىلىسىنىڭ سەردارى تېمۇرچىن ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە سىياسىي تالانتى، پائالىيەتچانلىقىغا تايىنىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. 1206 ـ يىلى ئونون دەرياسى ۋادىسىدا تېمۇرچىن موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى يىغىپ، قۇرۇلتاي ئۆتكۈزگەن، ھەرقايسى قەبىلىلەر تېمۇرچىننى خان قىلىپ سايلاپ «چىڭگىزخان» دەپ نام بەرگەن. مىلادىيە 1279 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى قۇبلەي ئۆزىنى ئىمپېراتور دەپ ئاتاپ، ئاز سانلىق مىللەت بولغان موڭغۇللار بىرلىككە كەلگەن فېئودallıق تۈزۈمدىكى يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان، بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى ئاز سانلىق مىللەت ھاكىمىيىتى ئىدى. موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى تەڭرى تاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالى بىلەن ئىچكىرى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ زور قوشۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتقان



ھەمدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

موڭغۇل ئېگىزلىكى بىلەن غەربىي يۇرت ئارىسىدا قاتناش راۋان بولغاچقا، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. مىلادىيە 1209 ـ يىلى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەۋەتكەن باشقاقبەگنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى چېكىگە يەتكەن. شۇ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن خەلق رايىغا بېقىپ، ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، غەربىي لياۋ باسقاقبېگىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە موڭغۇللارغا ئەل بولغان. چىڭگىزخان بۇ ئىشتىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، ئۇنى بەشىنچى ئوغلۇم دەپ ئاتاپ ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى قىلىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن ھەمدە قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان، موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوشۇن چىقىرىپ ئۇلارغا ياردەم بەرگەن. موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغاندا توسالغۇسىز ئىلگىرىلىگەن، قەشقەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلار غەربىي لياۋدىن بۆلۈنۈپ، موڭغۇللارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. مىلادىيە 1211 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغان، مىلادىيە 1218 ـ يىلى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان، غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلار موڭغۇللارغا تەۋە بولغان. موڭغۇل خانى بۇ يەردە بېشبالىق، ئامۇ دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دىۋان مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرغان.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشى بىلەن موڭغۇللار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ غەربىي يۇرتقا كىرگەن. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بۇ يەردە ھەربىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تەسىس قىلىپ، بوز يەر ئاچقان، يول ياسىغان، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەسلىگە كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بولغان باشقۇرۇشتا ئوخشاش بولمىغان 3 خىل تۈزۈلمىنى يولغا قويغان، يەنى تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلار، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بوستانلىقلار ئومۇمەن ئەسلىدە غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىگە قاراشلىق جايلار بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ھەممىسى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىدىقۇت، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ھەربىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار تەسىس قىلغان. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىدىكى رايونلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتاي، ئۆگىداي ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. مەسىلەن، چاغاتاينىڭ بارگاھى ئالمىلىق (بۈگۈنكى قورغاس) تا تەسىس قىلىنغان؛ ئۆگىداينىڭ بارگاھى ئېمىلغا (بۈگۈنكى دۆربىلجىن ناھىيىسى) تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىككىيلەن كېيىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۆگىداي خانلىقىنى قۇرغان، كېيىنكىلەر ئۇلارنى غەربىي شىمالدىكى ۋاسسال بەگ-



لەر ياكى غەربىي شىمالدىكى خانلار دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋاسسال بەگلىك مۇناسىۋىتى ئىدى؛ مۇھىم ئىشلاردا، مەسىلەن، سەردار تەيىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە چوقۇم موڭغۇل مەركىزىي خاندانلىقى تەستىق سېلىشى شەرت ئىدى. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى جەريانىدا كۆرسەتكەن ئالاھىدە تۆھپىسى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. شۇڭا، بۇرۇنقىدەكلا باشقۇرۇش ئورگىنى ۋە ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى ساقلاپ قالغان ھەمدە بىۋاستە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئالىي تەبىقىسى ئىچىدە داۋالغۇش ۋە ئىختىلاپ كۆرۈلگەنلىكتىن، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن. موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ۋاسسال بەگلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بارغانسېرى كۈچىيىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاجىزلاشقا باشلىغان. ئاخىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، ئەمەلىيەتتە ھەربىي كۈچى كۈچلۈك بولغان چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان چاغاتاي خانلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا بولغان سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن بۇ يەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. مىلادىيە 1347 ـ يىلى، چاغاتاي خانلىقى كەسكىن ئىچكى ـ تاشقى زىددىيەت تۈپەيلى شەرق ۋە غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، يەنى غەربىي قىسىمغا جايلاشقان كەڭ

ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى شەھەر ـ بازارلار كېيىنكى مەزگىللەردە تېمۇرلەڭ ئىمپېرىيىسىگە ئايلانغان؛ شەرقىي قىسمىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردا چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەۋلادى ئەمىر تۆمۈر باشچىلىقىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلغان. كېيىنكىلەر يەنە 1514~1680 ـ يىللارغىچە بولغان بۇ مەزگىلنى يەركەن خانلىقى دەپ ئاتىغان. تارىخ كىتابلىرىدا يەنە «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتالغان.

## چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ۋە مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى موڭغۇل شاھزادىسى چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ ھاكىمىيەت مىلادىيە 1447 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 1680 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ جوڭغار قەبىلىسىدىكى غالداننىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. بۇ ھاكىمىيەت ئۈچ ئەسىر دەۋر سۈرگەن. خاندانلىقنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى زېمىنى تەڭرى تاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەندنىڭ شەرقىدىكى ھەرقايسى جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى مەزگىلىدە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى (مىڭ سۇلالىسى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى) ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەت



بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ئىنتايىن گۈللەنگەن. ھەر خىل تىل ـ يېزىقتا قالدۇرۇلغان تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىرمۇنچە ۋارىسلىرى ئۆزلىرىنى ۋاسسال دەپ ئاتىغان ھەمدە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان سودا ـ سېتىق يولىنى «ئالتۇن يول» دەپ ئاتاپ، بۇ يولنى قاتتىق قوغدىغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت بۈگۈنكى قۇمۇل رايونىدىلا «قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى»نى تەسىس قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سودا ـ سېتىق يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان، غەربىي يۇرتتىكى باشقا جايلار ئەمەلىيەتتە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بويسۇنغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې يىللىرى (مىلادىيە 1506 ~ 1521 ـ يىلىغىچە) غا كەلگەندە «قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى» چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەن، شۇڭا مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بولغان سىياسىي تەسىرى ئاساسەن چاغاتاي خانلىقى ئەۋلادلىرىنىڭ «قارام قىلىپ باشقۇرۇشى» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. شۇڭا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتى كېيىنكى مەزگىللەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادىدىن بولغان بەگ ۋە ئەمىرلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي

قىسمىدا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن ئىسلام دىنى شىمالدىكى رايونلارغىمۇ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپ، موڭغۇل ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئىسلاملىشىشى نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنى غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان. مىلادىيە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل شىنجاڭ رايونى بۇددا ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسلام دىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دىنىغا ئايلانغان. نەتىجىدە غەربىي يۇرتنىڭ مول مەزمۇنلۇق، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. چاغاتاي ئەدەبىياتى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمۇ بۇ مەزگىلدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. تارىخىي ئەسەر «تارىخىي رەشىدى»، سىمفونىيە تۈرىدىكى «12 مۇقام» قاتارلىقلار مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ مەزگىلدە يەنە مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى ئەمەلگە ئاشقان. موڭغۇل مىللىتىنىڭ كۆپلىگەن ئاھالىسى غەربىي يۇرتتىكى باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىدىيە، مەدەنىيەت، دۇنيا قاراش جەھەتتە ئىلگىرىلەش، يېڭى بىر پەللىنى كۆزلەپ قوشۇلۇش، بىرلىككە كېلىش بولغان. ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئالاھىدىلىك قىلغان مەدەنىيەت سىستېمىسى يېتەكچىلىك ئورنىغا چىققان. مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ئارقىق قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، خۇيزۇ، ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامانىدىكى زامانىۋى مىللەتلەرگە ئايلىنىشقا باشلىغان.



## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي چېگرىسىغا ئاساس سالغان. ئۆلكە قۇرۇش بىلەن شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى بىرلىككە كەلگەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇشى ۋە ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلىرى تارىختا مىسلىسىز ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان مانجۇلار قۇرغان، پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى فېئودال سۇلالە. مىلادىيە 1644 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، ئەلچى ئەۋەتىپ شۇ مەزگىلدە تەڭرى تاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى تىزگىنلەۋاتقان چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بىلەن ئالاقە باغلىغان. قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلار چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا بەيئەت قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئالاقە كۈچەيگەن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ئۆتكۈرلىشىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن. خوجىلار گۇرۇھـ

نىڭ سىياسىي ساھەگە سىڭىپ كىرىشى بىلەن ئىچكى قىسىمدىكى سىياسىي داۋالغۇش تېخىمۇ كۈچەيگەن. مىلادىيە 1680 ـ يىلى ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپاق خوجا موڭغۇل سەردارى غالداننىڭ قىسمىنى باشلاپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ۋە سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەڭرىتاغنىڭ ھەرقايسى جايلىرى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

جۇڭغارلار غەربىي موڭغۇللار (يەنە بىر ئاتىلىشى ئويراتلار، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويراتلار دەپ ئاتالغان) نىڭ تۆت قەبىلىسى (قالغان ئۈچى دۆربېت، خوشۇت، تورغۇت) نىڭ بىرى بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا تۆت قەبىلىنىڭ سەردارى بولۇپ قالغان، باشقا قەبىلىلەرنىڭ كۈچىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۈچى پەيدىنپەي زورىيىپ بارغان. يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەربىي ئەمەلىي كۈچى زورايغان. بۇخىل ئەھۋالدا غالدان تەڭرى تاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىدەك ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن چەتلەپ، كۆپ قېتىم چىڭ سۇلالىسىگە ئىغۋاگەرلىك قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشنى خىيال قىلغان. چىڭ سۇلالىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ خانلار باشچىلىقىدا كۆپ قېتىم ئەسكەر باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلغان. مىلادىيە 1690 ـ يىلى كاڭشى خان چوڭ قوشۇننى باشلاپ، ئۇلانبۇتۇڭدا غالداننى مەغلۇپ قىلغان. مىلادىيە 1755 ـ يىلى چىڭ قوشۇنلىرى يەنە داۋاچىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ غەلىبە قازان-



غان. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى موڭغۇلكۆرە ناھىيىسى گېيدىن تېغىدا غەلىبە ئابىدىسى تىكلىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئامۇرسانا ئەسكەر چىقىرىپ ئاسىيلىق قىلغان ھەمدە ئىلىنى ئىگىلىۋالغان. چىڭ قوشۇنلىرى مىلادىيە 1756 ـ يىلى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىڭ سۇلالىسى غەربىي شىمالىي چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان جۇڭغار بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىنىڭ توپىلىڭىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تىنجىتقان.

جۇڭغار بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئىسلام دىنى خوجىلىرىنىڭ ئاق تاغلىقلار كۈچىنى قوللىغان ھەم ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىغا يۆلەك بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار بۆلگۈنچىلىرى ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئاۋۋالقىدەكلا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار (چوڭ خوجا بۇرھانىدىن، كىچىك خوجا جاھان) نى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلارنى باشقۇرۇشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزمەكچى بولغان. خوجىلار ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ، قالاق ئىجتىمائىي، سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بۆلگۈنچى كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن، شۇڭلاشقا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن،

مىلادىيە 1757 - يىلى ئوچۇق - ئاشكارا ئىسيان بايرىقى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئامىنداۋ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەسكەرلەردىن يۈز نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئاق تاغلىقلارنىڭ سىياسىي بىلەن دىنى بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلاشقان، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان. مىلادىيە 1758 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقان. ئىككىنچى يىلى چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ قالايمىقانچىلىقىغا بىر يولىلا خاتىمە بەرگەن. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىنى تىزگىنلەپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تىكلەپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىغا قاراشلىق ھەرقايسى جايلارنى ئىدارە قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ھۆكۈمەت ئورگىنىنى كۈرەگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئىلى شۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇپ قالغان. پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلار دۇتۇڭ (قوماندان



ياكى باشبۇغ)، مەسلىھەتچى ئامبال، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال، چېرىكچى ئامباللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيەتنى ئاياغلاشتۇرۇش، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇسىغا ماسلاشقان بولۇپ، چىن، خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى 2000 نەچچە يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى، بىرلىشىشى شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەندى.

## موڭغۇللارنىڭ تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى

چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە، موڭغۇللارنىڭ تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ ۋەتەنگە قايتىشى بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تۇرغۇت قەبىلىسى مەملىكىتىمىزدىكى غەربىي موڭغۇل-

لارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ بۇ-
گۈنكى شىنجاڭنىڭ چۆچەك رايونىدا ياشىغان. مىلادىيە
17 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى جوڭغار قەبىلىسىنىڭ قو-
شۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ غەرب-
كە كۆچۈپ بۈگۈنكى ۋولگا دەرياسى رايونىدا ئولتۇراقلاشقان
ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ ياشىغان. كېيىن چارروسى-
يە كۈچىيىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، بۇ
رايوننى كونترول قىلىۋالغان. چارروسىيە خىلمۇخىل رە-
زىل ۋاستىلەر بىلەن تەھدىت سېلىپ ۋە ئالداپ تۇرغۇت
قەبىلىسىنى روسىيىگە ئەل بولۇشقا مەجبۇرلىغان. لېكىن
ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر يۇرتىنى سېغىنىپ، قەتئىي باش
ئەگمىگەن، ھەتتا ئىنچىل تۇردە چىڭ سۇلالىسى بىلەن
قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن. چارروسىيىنىڭ تۇرغۇت
قەبىلىسىنى بوزەك قىلىشى ۋە سىياسىي بېسىمىنىڭ
كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تۇرغۇتلارنىڭ غەزىپى
تاشقان. مىلادىيە 1770 ـ يىلى قىشتا تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ
سەردارى ئۇباش خەلق رايىغا بېقىپ قەبىلىسىدىن 170 مىڭ
كىشىنى باشلاپ ۋولگا دەرياسى ساھىلىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل
ئايرىلىپ، شەرقتىكى ۋەتەن زېمىنىغا قايتىش سەپىرىگە ئات-
لانغان. شەرق سەپىرى داۋامىدا ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن
چارروسىيە قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىپلا قالماي، يەنە ناچار
تەبىئىي مۇھىت ۋە يۇقۇملۇق چۇما كېسىلى تۇپەيلىدىن كې-
لىپ چىققان قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىنمۇ كەلگەن، مىلادىيە
1771 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ
سەردارى ئۇباش قوۋمىنى باشلاپ، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن
چارروسىيە قوشۇنىنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، نۇر-



غۇن قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شىنجاڭ چېگرى-
سىغا — ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. شۇ
چاغدا ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەن، ئادەملى-
رىدىنمۇ پەقەت 70 مىڭدىن كۆپرەك كىشى ھايات قالغان-
دى. تۇرغۇت قەبىلىسى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە چىڭ سۇلا-
لىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر
بولغان. ئۇباش ئۆزلىرى ئىنچىل تۇردە ساقلاپ كەلگەن
مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭ لى خانى بەرگەن قاشتېشى تامغىنى
ئىلى جياڭجۈنى ئېلتۇغا ھەدىيە قىلغان. چيەنلۇڭ خان ئىلى
جياڭجۈنىگە ۋە ئۇچتۇرپان مەسلىھەتچى ئامبىلىغا مەخسۇس
كۆتۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.
يەنە خەزىنىدىن 200 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ تۇرغۇت-
لارنىڭ ئات ـ ئۇلاغ سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇر-
مۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بەرگەن. شۇ يىلى 9
ـ ئايدا چيەنلۇڭ خان چېگرىدىكى يازلىق ئارامگاھتا ئۇباش
بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا «جولۇقتۇخان» (مەنىسى «باتۇر-
خان») دەپ نام بەرگەن ھەم شەخسەن ئۆزى «تۇرغۇتلار
ھەققىدە خاتىرە»، «تۇرغۇتلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى» دىن
ئىبارەت ئىككى ئابىدىنى تىكلىگەن. بۇ ئىككى ئابىدە ھېلى-
ھەم خېبېيدىكى چېڭدې يازلىق ئارامگاھىدىكى بۇترا بۇتخانى-
سىدا ساقلانماقتا. كېيىن بۇ تۇرغۇتلار يۇلدۇز يايلىقى ۋە
قوبۇقسار رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇلار مەملىكىتىمىز-
نىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى موڭغۇللارنىڭ تەركىبىي
قىسمىدۇر.

## ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى

مىلادىيە 1840 ـ يىلى جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىغا
قەدەم قويغان. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن شىنجاڭ مەملى-
كىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا پەيدىنپەي يېرىم
مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قال-
غان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجا-
ۋۇزچىلىرىغا، بۆلگۈنچىلەرگە، شۇنداقلا يەرلىك فېئودال
ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرەش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاش-
قان، شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ تەقدىرى چەمبەرچاس باغلان-
غان. ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىپ،
باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى
بەدىلىگە ۋەتەن زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ تاجاۋۇزچى-
لىقىغا ئۇچرىشىنى قوغداپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەز-
گىلدە غەربىي قىسىم چېگرا رايوننىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭ-
نىڭ كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەق-
قىياتىغا پۇختا ئاساس سالغان.

بىرىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن چىڭ
خاندانلىقى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلەشكەن، جۇڭگو زېمىنى-
نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى جاھانگىرلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلى-
شىغا ئۇچرىغان. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا
جايلاشقان شىنجاڭ چارروسىيىنىڭ تاقاۋۇزى ۋە يۇتۇۋېلىش
سۈيىقەستىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغان. چارپادىشاھ سىبى-
رىيىگە بولغان كېڭەيمىچىلىكىنى تاماملىغاندىن كېيىن مەم-



لىكىتىمىز زېمىنىنى يۇتۇۋېلىشقا باشلىغان. مىلادىيە
1851 ـ يىلى روسىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى «جۇڭگو ـ
روسىيە ئىلى ـ تارباغاتاي سودا كېلىشىمى» نى ئىمزالىغان.
شۇنىڭ بىلەن روسىيە شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك قاتارلىق
جايلىرىدا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش، سودىدا باجدىن كەچۈ-
رۈم قىلىنىش ۋە كونسۇللار ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق ئالا-
ھىدە ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇۋالغان. دۆلەت ئاجىز بولغاچ
جاھانگىرلار خالىغىنىنى قىلغان، مىلادىيە 1855 ـ يىلى
چارروسىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى
تاتارىنوف چۆچەكنىڭ يارغوت ئالتۇن كېنىنى زورلۇق بىلەن
ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن 200 دىن ئارتۇق تاقاۋۇزچى قوشۇنى
باشلاپ، ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر
مىللەت كان ئىشچىلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆل-
تۈرگەن. ئەن يۇشەن، شۇتيەنشاۋنى باشچى قىلغان چۆچەك-
تىكى ھەر مىللەت كان ئىشچىلىرى قارشىلىق كۆرسىتىپ،
بىرلىكتە چارروسىيىنىڭ سودا چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈۋەت-
كەن. تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلاردىن قورقماي، ۋەتەننىڭ ئىگى-
لىك ھوقۇقىنى قوغداشتىكى قەھرىمانلىق روھىنى ئىپادىلى-
گەن.

مىلادىيە 1860 ـ يىلى چارروسىيە ئەنگلىيە، فرانسى-
يە بىرلەشمە تاقاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ بېيجىڭغا ھۇجۇم
قىلغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كېلىشتۈرۈشتە تۆھپىمىز
بار دېگەن باھانە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىگىلىك
ھوقۇقىنى يوقىتىپ دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان
«جۇڭگو ـ روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» نى ئىمزالاتقۇ-

زوْپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىن بىر مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى كېسىۋالغان. مىلادىيە 1864 ـ يىلى يەنە ھەربىي ئىشلار ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىن تەھدىت سېلىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىغا «جۇڭگو ـ رۇسىيە غەربىي شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسى» نى ئىمزالاتقۇزۇپ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىن جەنۇبىغىچە 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان. كېيىن «ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغاندىن كېيىن رۇسىيە ئىگىلىۋالغان 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى قوشقاندا، چاررۇسىيە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئېلىمىزنىڭ بىر مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان.

چاررۇسىيە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ زېمىنىنى خالىغانچە ئىگىلىۋېلىۋاتقان چاغدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خارابلىشىشىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش بولغان قوقەندتەك كىچىك دۆلەتلەرمۇ ئېلىمىز زېمىنىنى يۇتۇۋېلىشتەك ياۋۇز نىيەتتە بولغان. مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن قوقەند خانلىقى شىنجاڭ بىلەن قوشنا بولۇش، يوللار راۋان بولۇشتەك قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ ئىزچىل تۈردە شىنجاڭدىن قېچىپ چىققان فېئودال خوجىلار ئەۋلادىنى بېقىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلغان. مىلادىيە 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكىتىمىزگە پايدىسىز بولغان خەلقئارا چوڭ مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، خوجىلارنى شىنجاڭغا كىرىپ قالايمىقانچىلىق قىلىشقا قۇتراتقان. 1847 ـ يىلىدىكى كاتتا



تۆرە ۋەلىخان باشچىلىقىدىكى «يەتتە خوجا توپىلىڭى» دەل قوقەند ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ ئەكسىيەتچى خوجىلار «غازات» نامى ئاستىدا شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. 1865 ـ يىلى قوقەند خانلىقىنىڭ قوماندانى ياقۇپبەگ ئەنگلىيە، رۇسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا جاھانگىر خوجىنىڭ ئەۋلادى بۇزۇرۇكنى يۆلەش باھانىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرگەن. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ مۇداپىئەسىز تۇرغانلىقى، ھەربىي كۈچىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالغان. مىلادىيە 1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھەددىدىن ئېشىپ «يەتتە شەھەر» پادىشاھلىقىنى قۇرغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان، دىخۇا (ئۈرۈمچى) قاتارلىق جايلارنىمۇ بېسىۋالغان. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمى ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. ياقۇپبەگ قۇرغان ئاتالمىش «يەتتە شەھەر» پاشالىقى ھەقىقىي يۇسۇندىكى تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەت ئىدى، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزگەن. خوتەن جېڭىدە يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىدىن 50 نەچچە مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. ياقۇپبەگ يەنە دىنىي مۇستەبىت تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، باشقا مىللەتلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغان، ئىسلام

دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلىرى نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن. ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاخىرقى ھېسابتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىغان.

ئىككىنچى يىلى، چاررۇسىيە ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى چاررۇسىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى دېگەننى باھانە قىلىپ ئىلىنى قوغداش ۋە ئۇنى ۋاكالىتەن ساقلاش دېگەن نام بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى ئاشكارا بېسىۋالغان ھەم يەتتەسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە قىلىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش غەرىزىدە بولغان. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىنى چوڭ - كىچىك جاھانگىرلارنىڭ تالان - تاراجى ئاستىدا قالغان، شىنجاڭ چەت ئەللىكلەرنىڭ بۆلۈۋېلىش، تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى

شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن يامانلىشىۋاتقان ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم زېمىنى بۆلۈۋېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر مەيدان ئاتالمىش «دېڭىز مۇداپىئەسى ۋە چېگرا مۇداپىئەسى» بەس - مۇنازىرىسىدىن كېيىن، غەربىي شىمالنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا دىققەت - ئېتىبارىنى قاراتقان ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان. گۇاڭشۈنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 1875 - يىلى) شەنشى - گەنسۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ھەربىي



مەمۇرىي ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ دۆلەت خەۋپكە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا خان مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا باش بولغان. غەربكە يۈرۈش قىلىشتا چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ «ئالدى بىلەن شىمالنى، ئاندىن جەنۇبنى ئىگىلەش،» «ئالدىرىماي يۈرۈش قىلىپ، تېز جەڭ قىلىش» تىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ئۇرۇش لۇشيەنى ۋە توغرا ئۇرۇش قىلىش ئىستىراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىققان. يەنە ئاشلىق، يەم - خەشەك، قورال - ياراغلارنى تەييارلاپ، ھەربىيلەرنى قايتىدىن تەرتىپكە سالغان. مەشقنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرگەن، تەييارلىق خىزمىتىنى ئەتراپلىق ئىشلىگەن. مىلادىيە 1876 - يىلى زوزۇڭتاڭ سۇجۇدا بارگاھ تىكىپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. 6 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىدىن 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ليۇجىنتاڭنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا كىرىپ، ئۈرۈمچى، ماناس، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى غايەت زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان، ماڭار يولى قالمىغان ياقۇپبەگ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان. ئارقىدىنلا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قوغلاپ زەربە بېرىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ۋە قاراشەھەر، كورلا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئالغان. گۇاڭشۈنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1877 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇن جايلارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان تاجاۋۇزچى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ

شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتا يۇرگۈزگەن ھەربىي ھەرىكەتلىرى
ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ زور ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن.
ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشى چىڭ سۇلالىسى
قوشۇنىنىڭ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا تېخىمۇ ياخشى
شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. چارروسىيىگە ھەربىي
بېسىم ئىشلىتىپ ئىلىنى تېزدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يا-
قۇپبەگ ھاكىمىيىتى گۇمران بولۇش بىلەنلا زوزۇڭتاڭ يا-
شىنىپ قالغىنىغا قارىماي 68 يېشىدا قومۇلدىكى ھەربىي
بارگاھتا قوماندانلىق قىلىپ، چارروسىيە بىلەن ھايات -
ماماتلىق جەڭ قىلىش ھەققىدە قەسەم قىلغان ۋە جەڭچىلەرگە
زور ئىلھام بەرگەن. گۇاڭشۈنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە
1881 - يىلى) 2 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى زېڭ جىزې (زېڭ
گوفەننىڭ ئوغلى) نى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا رو-
سىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن. چارروسىيە
بىلەن جاپالىق ۋە كەسكىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق
ئاخىرى «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالى-
غان. شەرتنامىدە ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ چارروسىيە قو-
شۇنى ئىلىدىن چېكىنىپ كېتىش، جۇڭگو تەرەپ روسىيە-
نىڭ ھەربىي خىراجىتى ئۈچۈن توققۇز مىليون روبلى (تەخ-
مىنەن بەش مىليون سەر كۈمۈش) تۆلەم تۆلەش، روسىيە
سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تىجا-
رەت قىلسا باج ئالماسلىق، جىيايۇيگۇەن ۋە تۇرپان قاتارلىق
جايلاردا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن.
گۇاڭشۈنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1882 - يىلى) چارروسىيە
قورال كۈچى بىلەن 11 يىل بېسىۋالغان ئىلى ئاخىرى ۋەتەن



قوينىغا قايتىپ كەلگەن.
19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شىنجاڭ سىياسىي
ۋەزىيىتىدە كۆرۈلگەن ئىچكى - تاشقى بالايىئاپەتلەر شىنجاڭ
جەمئىيىتىنىڭ نۇقسانلىرىنى ۋە ھەربىي، مەمۇرىي باشقۇ-
رۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى ئوچۇق كۆرسەتكەن.
بولۇپمۇ ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ۋە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى
قويۇق فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى بولغان بەگ-
لىك تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئالغا
ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولۇپ، بۇ
مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي داۋالغۇش ئىچىدە زاۋاللىققا يۈزلەن-
گەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىكلىك دەۋرىدە شىنجاڭ بىر-
لىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن شەرقىي قىسمىدىكى ئۈرۈم-
چى، بارىكۆل ئەتراپىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭكىدەك مەمۇ-
رىي تۈزۈمنى يولغا قويغاندىن باشقا، شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن
رايونلار ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىدىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈ-
زۈمىنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن. ماھىيىتىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى پەقەت ھەربىي، مەمۇرد-
يەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ، خەلق ئىشلىرىنى
باشقۇرمايتتى، ھەربىي مەمۇرىيەت بىلەن خەلق ئىشلىرى
ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، خەلق ئىشلىرىنى
كۆپ ھالدا شۇ جايدىكى بەگلەر باشقۇراتتى. نازارەت قىلىش
قۇرۇلمىسى كەمچىل بولغان فېئودال جەمئىيەتتىكى بەگلىك
ھوقۇق ئوڭايلا يەرلىك فېئودال كۈچكە ئايلىنىپ شىنجاڭ-
نىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توس-
قۇن بولاتتى. مىلادىيە 19 - ئەسىردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق ھەربىي

مەھكىمە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى تە-
لىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان، فېئودال
بەگلىك تۈزۈمىگىمۇ قاتتىق زەربە بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۆلكە قۇرۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش
شىنجاڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بو-
لۇپ قالغان.

## شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇشى

شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش خېلى بۇرۇنلا مۇھا-
كىمىگە قويۇلغان بولۇپ، جياچىڭنىڭ 25 ـ يىلى (مىلادىيە
1820 ـ يىلى) داڭلىق سىياسىيون گۇڭ زىجېن «غەربىي
يۇرتتا ئۆلكە قۇرۇش» دېگەن داڭلىق ئەسەردە شىنجاڭنى
ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چىڭ
قوشۇنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن زوزۇڭتاڭ
گۇاڭشۇنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 1877 ـ يىلى) ئوردىغا
مەلۇماتنامە سۇنۇپ «ئۆلكە تەسىس قىلىش ۋە ۋىلايەت، ناھى-
يە تۈزۈمىنى ئورنىتىش شىنجاڭدا مەڭگۈلۈك ئەمىنلىك
ئورنىتىشنىڭ ئاساسىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئارقىدىنلا
شەنشى ـ گەنسۇ باش ۋالىيسى تەن جۇڭلىن، خان مۇپەتتى-
شى قوشۇمچە شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋالىيسى ليۇجىن-
تاڭ قاتارلىقلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تەكلىپ سۇنۇپ شىن-
جاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى شەرھى-
لىگەن. گۇاڭشۇنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 1884 ـ يىلى)
10 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆلكە
تەسىس قىلىش ھەققىدىكى يارلىقنى جاكارلاپ، شىنجاڭدا



رەسمىي ئۆلكە تەسىس قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالى-
سى قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى
كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغان ھەمدە چاررۇسىيىنىڭ قول-
دىن ئىلىنى قايتۇرۇۋالغان زوزۇڭتاڭنىڭ مەلۇماتنامىسىدە
تىلغا ئېلىنغان ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ دېگەن نامنىڭ مەن-
سى ـ «يات قوۋملارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان بۇرۇنقى زېمى-
نىمىز قايتۇرۇۋېلىندى»، يەنى چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن ئې-
گىلىۋېلىنغان ئەسلىدىكى جۇڭگو زېمىنى يېڭىۋاشتىن قايتۇ-
رۇۋېلىندى دېگەننى بىلدۈرەتتى. شۇڭا «شىنجاڭ» دېگەن
نام قوللىنىلىپ، «غەربىي يۇرت» دېگەن نام قايتا قوللىنىل-
مىغان. ئەينى ۋاقىتتا ليۇجىنتاڭ شىنجاڭنىڭ تۇنجى قارار-
لىق سىلاۋچىلىقىغا تەيىنلەنگەن بولۇپ، يەنىلا خان مۇپەتتى-
شى نامىدا شىنجاڭدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە باش بولغان.
ليۇجىنتاڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن دىخۇا ۋىلايىتىنى
باش مەھكىمە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي مەر-
كىزىنى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىگەن. ئارقىدىنلا بۇنىڭغا
ماس ھالدا ھەرقايسى جايلاردىكى ھەربىي، مەمۇرىي
ئورگانلاردا ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشى-
گەن. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ
ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىنى ئەمەلدىن قال-
دۇرۇپ، دائىملىق قوشۇن تۇرغۇزۇش تۈزۈمىنى ئىچكىرى
ئۆلكىلەرنىڭكى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلغان. خەلق
ئىشلىرى جەھەتتە بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،
مەمۇرىي جەھەتتە ئۆلكىنىڭ قارمىقىدا ۋىلايەت، مەھكىمە،
ئايماق، ناھىيە دېگەندەك بىرلىكلەرنى ئورناتقان. چىڭ سۇ-
لالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، يەنى شۇئەنتۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (مىلا-

دىيە 1909 ـ يىلى) غا كەلگەندە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قارمىقىدا تۆت ۋىلايەت، بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ قارمىقىدا ئالتە مەھكىمە، 10 نازارەت، ئۈچ ئايماق، 21 ناھىيە تەسىس قىلىنغان.

شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى چىڭ دەۋرىدىكى چيەنلۇڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇزۇن مەزگىل يولغا قويۇلغان ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ مەمۇرىيىتى، مەمۇرىي پەرمانلىرىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلغان. شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشى تېخىمۇ قويۇقلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن يەرلىك ئەكسىيەتچى بەگلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ بۆلگۈنچىلىك قىلىشى ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەنگەن. بۇ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىگە، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى، تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئوبيېكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر ئىدى. مىللىي ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىپ شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ، مەھكىمە، ناھىيە تۈزۈمىنى پۈتۈن شىنجاڭغا ئومۇملاشتۇرالىشى جۇڭگو تارىخىدا چوڭ بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.



## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشى ۋە ئېچىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشى مەيلى كۆلەم ياكى دائىرە جەھەتتىن بولسۇن تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىن ئېشىپ چۈشكەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئىلگىرى كۆرۈنۈپ باقمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

1. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى يېڭىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويغان. تېرىقچىلىق شەكلى خىلمۇ خىل بولۇپ، مەيلى كۆلىمى ۋە ئۈنۈمى جەھەتتە بولسۇن، بۇرۇنقى دەۋرلەردىن كۆرۈنەرلىك بولغان، ئۇ پەقەت شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، يەنە ھازىرقى زامان دېھقانچىلىق ئىشلىرىغىمۇ شارائىت يارىتىپ بەرگەن ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن.

2. كۆچمەنلەر ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى. جۇڭغارلارنى تىنچىتىش ئۇرۇشى ۋە شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن جەمئىيەت بىرقەدەر تىنچلانغان. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئاھالىلەر كۆپلەپ شىنجاڭغا كىرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا رايوننى قوغدايدىغان قىسىملارمۇ، ھۆكۈمەت تەرەپـ

تىن قوبۇل قىلغان كۆچمەن پۇقرالارمۇ بار بولۇپ، ستاتىس-
تىكا قىلىنىشىچە، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تېزدىن
تەرەققىي قىلىشى ۋە ئېشىش نىسبىتى شۇ مەزگىلدە مەملى-
كەتنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەن. چىڭ سۇلا-
لىسىنىڭ توپىلاڭلارنى بېسىقتۇرۇشتەك ھەربىي ھەرىكىتىگە
ئەگىشىپ زور تۈركۈمدىكى مانجۇ، خەنزۇ، موڭغۇل، شى-
بە، سولۇن (داغۇر) قاتارلىق مىللەتلەر شىنجاڭغا كىرىشكە
باشلىغان. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تەركىبىدىمۇ زور ئۆزگى-
رىش بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆچمەنلەر ۋە
نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە
جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

3. چىڭ دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ كان بايلىقىنى ئېچىپ
پايدىلىنىش يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغان. شىنجاڭنىڭ
كان بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، قېزىپ پايدىلىنىش ناھا-
يىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىر-
لىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قاش-
تېشى، كۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ قېزىلىشى ھۆكۈمەتنىڭ باش-
قۇرۇش تەۋەسىدە بولۇپ، قېزىش كۆلىمى ۋە ئۈنۈمى زور
دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

4. سودا – سانائەتمۇ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، ھۆ-
كۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دۇكانلار كۆپلەپ ئېچىلغان. بىر
تەرەپتىن دەسلەپتە رۇس ۋە ئۆزبېك سودىگەرلىرى شىنجاڭغا
كىرىپ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، يەنى بىر
تەرەپتىن چىڭ ھۆكۈمىتى سودا – سانائەت ئىشلىرىنى ئۈ-
نۈملۈك باشقۇرغان، بولۇپمۇ تاشقى سودا ئىشلىرىنى قاتتىق
كونترول قىلغان. شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن،
تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئەمەلدارلار ۋە خەلق



ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرى ئىنتايىن جانلانغان. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيە باشقۇرۇش ۋە باج يىغىش تۈزۈمى
تەدرىجىي شەكىللەنگەن. قۇيمىچىلىق ئىدارىسى پۇلنى بىر-
لىككە كەلتۈرۈشنى تەدرىجىي ھالدا ئىشقا ئاشۇرغان.

5. تۆرلۈك مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قوي-
غان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن
كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا ھەقسىز مەكتەپ قۇرۇپ مەدەنى-
يەت – مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. ئىچكىرى ئۆل-
كىلەردىكىگە ئوخشاش مەكتەپ ۋە تەربىيە ئورنى قۇرغان،
كېجۇ تۈزۈمىنى يولغا قويغان، گۇاڭشۇنىڭ ئاخىرقى مەزگى-
لىگە كەلگەندە يېڭى سىياسەتنى يولغا قويۇپ كېجۇ ئىمتىھان
تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن
ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلاردا شۆتاڭ (مەكتەپ) لارنى
بەرپا قىلىپ، بىر تۈركۈم ياشلارنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا
ئەۋەتكەن.

**مۇلاھىزە سوئاللىرى:**

1. موڭغۇللار غەربىي يۇرتنى قانداق قىلىپ بىرلىككە
كەلتۈرگەن ۋە ئىدارە قىلغان؟

2. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغ بويلىرىنى قانداق بىرلىك-
كە كەلتۈرگەن؟

3. تۇرغۇتلارنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنىڭ
جەريانىنى بايان قىلىڭ.

4. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە
جەريانىنى بايان قىلىڭ.

5. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئېچىپ ۋە تەرەققىي
قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللانغان؟

## 5. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بوران - چاپقۇنلار

يېقىنقى زامان تارىخىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىختىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ۋەتەننى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇشتا باتۇرانە كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان.

### شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىگە بولغان تەسىرى

چىڭ خاندانلىقى مىلادىيە 20 - ئەسىردىن كېيىن تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، قەدىمكى جۇڭگونىڭ بىپايان تۇپرىقىدا بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قەدەم ئىزلىرى شىنجاڭغىمۇ يەتكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەربىي قىسىمغا يوشۇرۇن كىرىپ مەخپىي ئىنقىلابىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بەزىلىرى «ئىلى ئاممىباب گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرنى نەشر قىلىپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ئۇلۇغ ئىنقىلاب ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلغان.



مىلادىيە 1911 - يىلى 10 - ئايدا ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئەزاسى ليۇشيەنچۇن قاتارلىق كىشىلەر دىخۇا قوزغىلىڭىنى پىلانلىغان بولسىمۇ، خائىننىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى سەۋەبىدىن سىلاۋچى يۈەن داخۇا تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى ئىلىغا بېرىپ يوشۇرۇنغان، ئىككىنچى يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياڭ زەنشۇ، فېڭ تېمىن، ليۇ پۇخۇاڭ باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئەزالىرى ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ يېڭى ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەنلىكىنى جاكارلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ يۇمشاق ۋە قاتتىق ئۇسۇللارنى تەڭ قوللىنىپ ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئەزالىرىنى مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇرژۇئا سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى ئىلى قوزغىلىڭىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان.

ئىلى قوزغىلىڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇشتەك ۋەتەنپەرۋەر قىزغىنلىقى ۋە كۆرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتقان. مىلادىيە 1912 - يىلى 6 - ئايدا، چىرا كەنتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى رۇسىيىلىك سودىگەر سىيىت شاڭيونىڭ چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىگۇناھ خەلقىمىزنى ۋە ئەسكەرلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشتەك جىنايىتىگە چىداپ تۇرالماي، غەزەپ بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ، چاررۇسىيە

ئۆيىگە ئوت قو-
يۇپ، چارروسىيىنىڭ قانۇنسىز سودا ئاپپاراتلىرىنى ۋەيران
قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن، گەرچە بۇ
قېتىمقى «چىرا ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆ-
رىشى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆزئارا تىل
بىرلىكتۇرۇۋېلىشى بىلەن ئادىل بىر تەرەپ قىلىنمىغان بول-
سىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچى-
لىرىغا قارشى تۇرۇش قەيسىرانە روھى تارىخ بېتىدىن مەڭگۈ
ئورۇن ئالدى.
شىنجاڭدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىگە تايى-
نىپ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققان ياڭ زېڭ-
شىن فېئودال مىلىتارىست ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى
جياڭسۇلۇق بولۇپ، ئۆزى يۈننەننىڭ مېڭزى دېگەن يېرىدە
تۇغۇلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي يىللىرىدا خەتمە-
كەردە (جۈيرېن) لىك، كېيىن تەشرىپدار (جىنشى) لىق
ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن. دەسلەپ بېيجىڭ شەھىرىدە كىچىك
ئەمەل تۇتۇپ، كېيىن گەنسۇدا ئامبال، ۋالىي قاتارلىق
ئەمەللەرنى تۇتقان. مىلادىيە 1908 - يىلى سىشى تەيخۇ
بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغاندا ئۇنىڭ چېگرا
رايوننى قوغداشتەك ئىرادىسى سىشىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر
بولۇپ، ئۇنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن.
مىلادىيە 1911 - يىلى ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتە-
ۋاتقان ۋاقتى دەل شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاش ئالدىدا تۇرۇ-
ۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ سىلاۋ-
چىسى يۈەن داخۇا ياڭزېڭشىننى ئۆلكىگە يۆتكەپ كېلىپ
مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى



دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق تونىنى سېلىپ تاشلىغان ياڭ زېڭ-
شىن بىردىنلا مىنگونىڭ تۇتۇقلىق تونىنى كىيىپ، شىنجاڭ-
نىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققان.
ياڭ زېڭشىن ئالاھىدە مۇھىت ئاستىدىكى بىر قەدەر
مۇرەككەپ تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى
ۋەزىپە ئۆتىگەن يۈەن داخۇادىن پەرقلىنەتتى، كېيىن ئەمەل
تۇتقان جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق كىشىلەرگىمۇ
ئوخشىمايتتى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى قولغا ئال-
غاندىن كېيىن، يەنىلا فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى
يۈرگۈزۈپ، سىياسىي جەھەتتە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش
سىياسىتىنى يولغا قويغان، ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى،
گېلاۋخۇي ئەزالىرىنى باستۇرۇپ بارلىق ئىلغار ئىدىيىلىك
كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن. بۇنى چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى
ئىسپات ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا خوجا بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا
يېزىلىپ، باش مەھكىمىنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلانغان تۆۋەندى-
كى شېئىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

«جۇمھۇرىيەت تۈنجى رەت قىلدى ئىزھار مەرىپەت،
ئۇيات ئەمدى بەش خاقان يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك.
جۇڭيۇەندىكى غەۋغاغا پەرۋا قىلىش نە كېرەك،
چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئېرەم ھۆسنىدەك.
مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەند قىلساڭ،
ئىپتىدائىي پۇقرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك.»

گەرچە ياڭ زېڭشىن «پەرۋاسىزچە ھۆكۈمرانلىق» تەك
قەدىمكى شەكىللەرنى قوللىنىپ، تۆۋەندىكىلەردىن باج -

سېلىقنى ئازراق ئېلىپ، مەركەزگە قارىتا «ئوردىنى بىلىپ
خاننى بىلمەسلىك» تەك دانالىقنى يۇرگۈزۈپ، چېگرىدىن
كىرگەن ئاق ئورۇسلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تىنجىتقان ۋە
دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى مەسىلىسىدە سەگەك تۇرغان
بولسىمۇ، بىر سىياسىي مۇتەئەسسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئۇنىڭ «خەلقنى ئاڭقاۋلىقتا (نادانلىقتا) قالدۇرۇش» قا مەپ-
تۇن بولۇشى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قارشى ئىدى، جەم-
ئىيەتتىكى بارچە ساهەنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايتتى ۋە تارىخ
تەرىپىدىن شاللاپ تاشلىناتتى. دەرۋەقە مىلادىيە 1928 -
يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭدا ئېچىلغان رۇسچە
سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى
زىياپىتىدە ياپونىيىدە ئوقۇغان هەربىي ئىشلار نازىرى، قو-
شۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فەن ياۋنەن
قول ئاستىدىكىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، سىياسىي ئۆزگى-
رىش قوزغاپ زىياپەت جەريانىدىلا ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ
ئۆلتۈرگەن. 17 يىل شىنجاڭغا هۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭ
زېڭشىن ئاخىرى هۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى توقۇنۇ-
شىدا ئۆلگەن. «7 - ئىيۇن سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ
ئاتالغان بۇ ۋەقەدىن كېيىن فەن ياۋنەن قاتارلىق كىشىلەر-
نىڭ ئالدىراقسانلىقى ۋە ئىجتىمائىي كۈچىنىڭ يېتەرسىزلى-
كى سەۋەبىدىن، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى جىن
شۇرېن قوشۇن باشلاپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرغان. شۇنىڭدىن
كېيىن ئىلىپنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان جىن شۇرېن
شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن خەلق
تۇرمۇشى خارابلىشىپ، ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق كۈن-
دىن- كۈنگە كۈچەيگەن. مىلادىيە 1933 - يىلى جىن شۇ-



رېن تاشقى جەھەتتىن قومۇل دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈر-
گەن، ئىچكى جەھەتتە ئۆكتىچى كۈچلەرنىڭ قورشاپ زەربى-
سىگە ئۇچرىغان ئەھۋالدا قېچىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە
ئومۇمىي تېلگىراما ئارقىلىق تەختتىن چۈشكەنلىكىنى جا-
كارلىغان. قەبىھ، مەككار فېئودال مىللەتچى شېڭ شى-
سەي ئۇنىڭ ئورنىغا تۇتۇق بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئون
نەچچە يىللىق ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلىقىنى باشلىغان.

## «بۆلگۈنچىلىك چۈشى» نىڭ بەربات بولۇشى

مىلادىيە 1933 - يىلى شىنجاڭدا كۆپ ئىشلار يۈز بەر-
گەن، هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ساختى-
پەزلىك خاھىشلىرى ئەسلىدىلا مۇقىمسىز تۇرغان شىنجاڭ-
نىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن.
مۇھەممەد ئىمىن باشچىلىقىدىكى پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلار
ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ قوترىتىشى بىلەن پۇرسەت تاپسى-
لا مالىمانچىلىق چىقىرىپ پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم تەشۋى-
قاتىنى تەرغىب قىلغان، شۇ يىلى 2 - ئايدا خوتەننى ئىشغال
قىلىپ، ئۆزىنى خوتەن ئەمىرى دەپ ئاتىغان، 11- ئايدا
سابىت داموللا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ «شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ دۆلەتنى، ۋە-
تەننى پارچىلاشقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا
ئۇرۇنغان، تارىخنىڭ ئېقىمىغا قارشى هەرىكەت ئېلىپ بې-
رىپ هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا خىلاپلىق
قىلغانلىقىدىن بۇ هاكىمىيەت پەقەت بىرنەچچە ئايلا داۋاملى-
شىپ يوقالغان. لېكىن شۇنىڭدىن باشلانغان پانتۈركىزم،

پانئىسلامىزم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرخىل ئەكسىلئىنقىلابىي ئىدىيىۋى ئېقىمغا ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا داۋاملىق چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە خەۋپ ـ خەتەر ئېلىپ كەلگەن.

## شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى

شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇق ۋەزىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغان شېڭ شىسەي تېپىك بىر ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسەتۋاز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، دەل شۇ ۋاقىتتا گەنسۇدىكى مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرىپ ئۇنىڭغا قاتتىق تەھدىت سالغان. ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنىڭ زەربە بېرىشىدىن ساقلىنىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ئاكتىپ سىياسەت بىلەن شىنجاڭنى باشقۇرۇشتەك ساختا قىياپەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوۋېتلىكلەرنىڭ قوللىشىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭ پادىشاھى دېگەن مۇستەبىتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مىلادىيە 1934 ـ يىلى «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»، «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە»نى جاكارلىغان ھەمدە روشەن ھالدا جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر قى-



سىم ئىلغار ياشلارنىڭ تەسىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە مىلادىيە 1936 ـ يىلى شېڭ شىسەي «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت ئالتە چوڭ سىياسەتنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە، شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلىك سەپ ئورنىتىشىغا سىياسىي ئاساس يارىتىلغان. شۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىسەنى شېڭ شىسەينىڭ خىزمىتىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىشى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىر تۈركۈم سوۋېت كومپارتىيىسى كوممۇنىستلىرىنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلىرى ئاكتىپ خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىي رەھبەرلىرى ژۇرنال نەشر قىلىش، تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلادىيە 1937 ـ يىلى لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

ئۇرۇش ئومۇمیۈزلۈك پارتلىغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنى ئىشەنچلىك
ئارقا سەپ بازىسى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە زور تىرىشچانلىق
ئارقىلىق شېڭ شىسەي بىلەن ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك
سەپ قۇرغان. مىلادىيە 1937 - يىلى 10 - ئايدا شېڭ
شىسەي پارتىيىمىزنىڭ دىخۋادا 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش
ئورنى قۇرۇشىغا قوشۇلغان، تېڭ دەيىۋەن ئىش بېجىرىش
باشقارمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇ جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى بىر-
لىك سەپنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.
شۇنىڭ بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 100 دىن ئارتۇق
پارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى شېڭ شى-
سەي ھاكىمىيەت تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىغا
كىرگۈزۈپ خەلق ئاممىسىنى ياپونغا قارشى ھەرىكەتكە ئاتلى-
نىشقا قوزغىغان. شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىك
ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ياپونغا قارشى ئارقا سەپنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مەركسىزم، لېنىنىزم ۋە پارتىيە-
نىڭ ياپونغا قارشى سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ خەلقئارا
قاتناش يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىن-
جاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈ-
چۈن زور ئۆنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، شۇنداقلا جۇڭ-
گو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي تە-
سىرى ۋە ئابرۇيىنى كېڭەيتكەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خىز-
مىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى مىلىتارىست شېڭ شى-



سەينى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالغان، ئۇ شىنجاڭدىكى سىيا-
سىي ھۆكۈمرانلىقىنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن قورقۇپ،
مىلادىيە 1939 - يىلى قەستەن سۈركىلىش پەيدا قىلىپ،
ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرۈپ جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى ۋە دېموكراتىك زاتلارغا بەتنام چاپلىغان.
مىلادىيە 1941 - يىلى گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىت-
تىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغاپ، خەلقئارا ۋە-
زىيەت داۋالغۇپ قالغاندا، شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆل-
چەرلەپ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزگەن.
ئۇ ئاتالمىش «12 - ئاپرېل» توپىلاڭ ئەنزىسىنى پەيدا قى-
لىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىدىن چېن
تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىقلارنى ئېچىنىشلىق
ھالدا ئۆلتۈرۈپ، ئالتە چوڭ سىياسەتنى چۆرۈۋېتىپ، گو-
مىنداڭ ۋە جاڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ۋە شىن-
جاڭدىكى ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى ئۈزۈل -
كېسىل ۋەيران قىلغان. گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا
كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇ-
شى ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان.

گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن سو-
ۋېتقا قارشى، خەلققە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقتىن
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى گۇمران بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ سىنىپىي زىددى-
يەت، مىللىي زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشكەن، سىيا-
سىي ۋەزىيەتنىڭ يامانلىششى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
بوران - چاپقۇنىنى پەيدا قىلغان.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى
ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە
ئىلغار زىيالىيلارنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت
خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران-
لىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى-
دۇر. «ئۈچ ۋىلايەت» دېگەندە ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ
ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي رايونلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ
ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىغا شېڭ شىسەي ھەم گومىنداڭنىڭ
خەلقنى مەجبۇرىي ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكىتىگە زورلىشى
سەۋەبچى بولغان. 1943 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ ھەر مىللەت خەلقىدىن ئون
مىڭ تۇياق ئات ئىئانە قىلىشنى، ئەگەر ئات تاپشۇرمىسا
بازار باھاسىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى ئات پۇلى تۆلەشنى
تەلەپ قىلغان. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نىلقىدىكى چارۋىچى
دېھقانلار ئالدى بىلەن «ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى» گە
قارشى تۇرۇپ قورallىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ نىلقا ناھىيىسى-
نى ئىشغال قىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي پارتىزانلار
بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال
قىلغان، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان
جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، 16 كىشى-
لىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ



ئەلىخان تۆرىنى ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن. ئەلى-
خان تۆرە ئەسەبىي پانئىسلامىزمچى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكى
فېئودال كۈچلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئەخمەتجان،
ئاباسوف قاتارلىق كىشىلەر ھوقۇقنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا
ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان، 1945 ـ يىلى ئىنقىلابىي
قوشۇن گومىنداڭ ياردەمچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ،
ئىلىدىكى بىرنەچچە بازىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن پۈتكۈل
ئىلى رايونى پارتىزانلار ئىشغالىيتىدە بولغان. شۇ يىلى
3 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي قۇرۇل-
غان. 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلى-
رىنىڭ ياردىمى بىلەن مىللىي ئارمىيە شىمالىي سەپتە تارباغا-
تاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئوتتۇرا سەپتە
جىڭ بازىرىنى نىشان قىلىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش؛
جەنۇبىي سەپتە جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى
قانات يايدۇرۇپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئې-
لىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. مىللىي ئارمىيە 9 ـ ئايلاردا
چۆچەك، ئالتاي رايونىنى ئىلگىرى ـ كېيىن ئازاد قىلغان.
شىمالىي سەپ، ئوتتۇرا سەپلەردىمۇ غەلىبە نەتىجىلىرىنى
قولغا كەلتۈرگەن. مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىغا يېتىپ
بارغاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىگە پەقەت 150 كىلومېتىر قالغا-
نىدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا گومىنداڭغا
قارشى قوراللىق قوزغىلاڭلار كەينى ـ كەينىدىن پارتلاپ
جەنۇبىي سەپتىكى مىللىي ئارمىيە بىر مەزگىل باي، ئاقسۇ،
كۇچا شەھىرى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. بىر قى-

سىم تاجىك، قىرغىزلارمۇ پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ،
سارىقول ناھىيىسى (ھازىرقى تاشقۇرغان ئاپتونوم ناھىيە-
سى) گە ھۇجۇم قىلىپ ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنى قۇرغان.
1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ياپونىيە شەرتسىز
تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىغان، سەككىز يىللىق ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقان. شۇ كۈنى
«جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتى-
نامىسى» موسكۋادا ئىمزالانغان. دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا بى-
خەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى
موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان. سوۋېت
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىن-
داڭ ھۆكۈمىتىنى سۆھبەتلىشىشكە ياراشتۇرۇپ قويۇشقا قو-
شۇلغان. يەنە بىر جەھەتتىن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ
ئەسكەرلىرى ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلىيەلمىگەچكە ئۈچ ۋىلا-
يەتكە ھەربىي جەھەتتە تەڭ كېلەلمىگەن. ياپونغا قارشى ئۇ-
رۇشنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدى-
كى تىنچلىق چۇقانلىرى كۈچىيىپ، جاڭ جيېشى ئامالسىز-
لىقتىن سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ، جاڭ جىجۇڭنى ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش
ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت ئىچى -
سىرتىدىكى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمى-
تىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئاساسى بول-
غان. 1945 - يىلى 10 - ئايدا ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى
بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن. ئۈچ ئاي



سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامالسىز
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغان.
كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا، ئىككى تەرەپ ۋەكىلى، 11 تۈر-
لۈك تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالىغان، بىتىم بەلگىلىمىسىگە
ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىلىپ، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋەكىلى، يەتتە ۋىلايەت ۋەكىلى ۋە گومىن-
داڭ مەركىزىي ۋەكىلىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ
ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەخمەت-
جان، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ئابباسوف
مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا تەيىنلەنگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك
بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ھارپىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆ-
كۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئەخ-
مەتجان، ئابباسوف قاتارلىق رەھبەرلەر «شەرقىي تۈركىس-
تان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنى «شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە
رايون ھۆكۈمىتى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىپ، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تۈرلۈك سەۋەنلىكلەر-
نى تۈزىتىپ، شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى چۈرۈپ تاشلاپ،
شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئىن-
قىلاپنى توغرا يولغا باشلىغان.

1946 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىچكى
ئۇرۇش قوزغاپ تىنچلىقنى بۇزۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدى-
كى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى
تۇرۇشىغا قارىماستىن تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى-
غا توسقۇنلۇق قىلىپ، دېموكراتىك زاتلارغا زىيانكەشلىك
قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قوزغاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك

بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەبچى بولغان. 1947 - يىلى 7 - ، 8 - ئايلاردا ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىپ كەتكەن.

## شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېقىمغا زىت قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئۇنىڭ ھالاكىتىنى قۇتۇلدۇرالمايلا قالماستىن، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇش مۇساپىسىنى تېزلەتتى.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆكتەملىك بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، تىنچلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار كۈچلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان. لېكىن، گومىنداڭنىڭ خاتا يولدا مېڭىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتەك تارىخىي قەدىمىگە توسالغۇ بولالمىغان، ئازغىنا كەم ئىككى يىلدىن كېيىنلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىستراتېگىيىلىك قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئۆتكەن. 1949 - يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئۈزۈل - كېسىل گۇمران قىلغان. 1949 - يىلى



كۈزدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن دېڭ لىچۈننى ئىلىغا ئەۋەتكەن ھەمدە يېقىندا ئېچىلىدىغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشىدىكى ھەر تۈرلۈك تەييارلىق خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا پائال ماسلاشقان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمالغا ئىلگىرىلەپ لەنجۇ، شىنىڭنى ئازاد قىلىپ شىنجاڭ چېگرىسىغا يېقىنلاپ قالغان، ئەينى چاغدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا 100 مىڭچە ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار تاشقى جەھەتتە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنىنىڭ بېسىمى، ئىچكى جەھەتتە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ياردەمسىز قېلىپ، يا ئىلگىرىلىيەلمەي يا چېكىنەلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالغاچقا، ئۇلار ئارىسىدا جىددىي بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن. بولۇپمۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تاۋ سىيۆ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدى ۋەكىللىكىدىكى كەڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن تىنچلىققا ئىنتىلىپ خەلق تەرىپىگە ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلغان. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ چېگرىغا قىستاپ كېلىشى شۇنداقلا ھەرقايسى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنىڭ ئاكتىپ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن، 1949 - يىلى

9 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنى تاۋ سىيۈ ۋە بۇرھان شەھىدى ئايرىم - ئايرىم تېلېگرامما يوللاپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى جاكارلاپ بىر مەيدان ئۇرۇشتىن ساقلانغان. ئازادلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭ خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئارقىدىنلا گېنېرال ۋاڭ جېن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئۇرۇشى قوشۇنى 1 - بىڭتۇەننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەن. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى كۈتۈۋالغان، «جۇڭگونىڭ تارىخىدا شۇنىڭدىن باشلاپ يېڭى بىر دەۋر ئېچىلغان.»

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى يېڭى تۇرمۇشنى باشلىغان. 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بىيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇرھان شەھىدى، گاۋجىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى رەھبەرلىكىدىكى ھەرمىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمى-



تى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ فېئوداللىق بەگلىك تۈزۈمى ۋە ھەر دەرىجىلىك كونا ھاكىمىيەتلەرنى بىكار قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى يېزا - بازارلاردا يېڭى ھاكىمىيەتنى ئارقا - ئارقىدىن قۇرغان. باندىتلارنى يوقىتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، 3 كە قارشى تۇرۇش، 5 كە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشى بىلەن يېڭى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەنگەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىردەك رەھبەرلىكىدە پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى سايلاپ چىقىلغان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېموكراتىك ئىسلاھات سالماقلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، تارىختىن قېلىپ قالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك تۈگىتىلىشكە باشلىغان.

تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى مۇستەھكەملەش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن «ئورتاق پروگرامما» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ بىردەك ئورۇنلاشتۇرۇشىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ئاكتىپ، سالماقلىق بىلەن ئىشلىگەن. مىللىي تېررىتورى-

يىلىك ئاپتونومىيە «دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايدا مىللىي ئاپتونومىيەـ
نى يولغا قويۇپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇپ ئاپتونوـ
مىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر» («جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇـ
نى»). 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 ـ
نۆۋەتلىك 2 ـ قېتىملىق ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلـ
تىيىنىڭ قارارى ئارقىلىق، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئەت
كومىتېتى» قۇرۇلغان. ئارقىدىنلا پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسى
ئىچىدە مىللىي ئاپتونومىيە ئورۇنلىرىغا دائىر تەييارلىق
خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. داغدۇغىلىق تەشۋىقات خىزمىتى
ئېلىپ بېرىلغاندىن سىرت، مۇھىمى كادىرلار تەربىيەلەنگەن
ۋە سىناق نۇقتىلىرى تەيىنلەنگەن. 1954 ـ يىلىغا قەدەر
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق پۈتۈن
شىنجاڭدا مەمۇرىي مەھكىمە دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورنىـ
دىن بىرى، ۋالىي مەھكىمە دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورنىـ
دىن تۆتى، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورنىدىن ئالتىـ
سى، ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورنىدىن 17
سى تەسىس قىلىنغان. كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىـ
نىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاپتونوم ئوبلاستتىن بەشى قۇرۇلـ
غان. ئۇلار بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بۆرتالا
موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبـ
لاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپـ
تونوم ئوبلاستى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالتە ئاپتونوم ناـ
ھىيە يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، چاپچال شىبە ئاپتوـ



نوم ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، باردـ
كۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم
ناھىيىسىدىن ئىبارەت.

بۇ ئاپتونومىيە ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭ ئۇيـ
غۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇشتا باشلامچىلىق ۋە تۈرتكىلىك
رول ئوينىغان. شىنجاڭدا نوپۇسى ئەڭ كۆپ ۋە ئولتۇراقلىـ
شىشى گەۋدىلىك بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيىسىنى قوـ
رۇش ئارقىلىق مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ۋەزىپىـ
سى كىچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىش سۈپىتىدە كۈن تەرتىپىـ
كە قويۇلغان. شۇ پەيتتە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ
بيۇروسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە
ئاساسەن، پائال ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئېلىپ
بېرىۋاتاتتى. شۇ مەزگىلدە بەزى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىـ
نىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭدا ئەشۇنىڭغا ئوخشاش
ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويـ
غان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ
ئەمەلىيىتى ۋە شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن بۇ
پىكىرنى رەت قىلىپ، يەنىلا شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيەـ
لىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلغان.
تولۇق پىكىرلىشىش ۋە ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ئارـ
قىلىق، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەنگە
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇش دوكلاتىنى سۇنغان.
1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
21 ـ قېتىملىق يىغىنى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇئېنلەي
ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭنىڭ ئۆلكە تۈزۈمىنى بىكار قىـ

لىپ، ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى مەمۇرىي رايوننى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەمۇرىي رايونى قىلىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇش تەكلىپىنى تەستىقلىغان.

1955 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەييارلىق خىزمەت دوكلاتى» مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە ماقۇللانغان، سەيپىدىن ئەزىزى (ئۇيغۇر) رەئىسلىككە، گاۋچېنچۈن (خەنزۇ)، ئىمىنوف (ئۇيغۇر)، پاتىخان سوغۇربايوف (قازاق) مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلىنىپ 41 كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھەيئەت كومىتېتى، يەنى خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەنتەنىلىك جاكارلانغان.

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى دەسلەپكى ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئاساسلىق 13 مىللەت بولۇپ ئۇلار ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر ۋە تاتار قاتارلىقلار ئىدى. مىللەتلەرنىڭ بۇنداق چوڭ جەھەتتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، كىچىك جەھەتتە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەتلەر ئورتاق ياشاش ۋە ئولتۇراقلىشىش تارىخىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم



رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتار مىللىتىدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاپتونومىيە ئورۇنلىرى قۇرۇلغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئورتاق گۈللىنىش سىياسىتىنىڭ شانلىق ئەمەلىيىتى، ماركسىزم، لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن ھەقىقىي بىرلەشكەنلىكىنىڭ تارىخىي مەھسۇلى ئىدى. بۇ ئەمەلىيەت، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇلۇغۋار ئەمەلىيىتىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ماركسىزمنىڭ مىللەتلەر باب باراۋەر بولۇش نەزەرىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ ھەمدە شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىنى تولۇق ئېتىبارغا ئالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئىرادىلىك زور تۈركۈمدىكى ياشلار ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەملىشىشكە كېلىپ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك ئائىلىگە بەزى يېڭى مىللىي تەركىبلەرنى قوشقان. ھازىر جەمئىي 47 مىللەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇشۇ زېمىندا بىرلىكتە ياشاپ، ۋەتەننىڭ غەربىي چېگرىسىنى قۇرۇش ۋە قوغداشتەك مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلماقتا.

مۆلاھىزە سوئاللىرى:

1. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتىلىشى شىنجاڭغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟

2. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قانداق ئوتتۇرىغا چىققان ۋە يوقالغان؟

3. چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنى كىم ئۆلتۈرگەن؟

4. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنىڭ جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

5. نېمە ئۈچۈن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى پارتىيىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق ئەمەلىيىتى دەيمىز؟



# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى جاڭ چيەن تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى بۈگۈر، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئاچقان ۋە «يالۋاچ چېرىكچى» مەنسىپىنى تەسىس قىلغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى ئۇرلى قەلئەسىدە غەربىي يۇرت قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، جېڭ جىنى تۇنجى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىگەن، ھونلارنىڭ «چاكارلار كاھبېگى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

مىلادى 1 - ئەسىردە بۇددىزم شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن.

مىلايە 73 - يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرى قۇمۇلدا بوز يەر ئاچقان ۋە «ئۇۋىرغول چېرىكچى بېگى» نى قويغان.

مىلادىيە 74 - يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، قورۇل چاۋۇشبېشى ئەمەللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

مىلادىيە 91 - يىلى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بەن چاۋ گەن يىڭنى داكچىن، تەزك قاتارلىق غەربىي ئاسىيا ئەللىرىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن.

مىلادىيە 327 ـ يىلى ئالدىنقى لياڭ خانلىقىدىكى جاڭ چۈن قۇجۇدا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

مىلادىيە 402 ـ يىلى جۇرجانلار شىمالىي دالادا دەۋران سۈرگەن، ئۇلارنىڭ تەسىرى غەربتە كىنگىت (قارا شەھەر) ئەتراپلىرىغىچە يەتكەن.

مىلادىيە 448 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پىشامشان قاتارلىق جايلاردا ئەمەلدار تۇرغۇزۇپ باج، غەللە ـ پاراق يىغقان.

مىلادىيە 449 ـ يىلى چۇجيا قۇجۇ پادىشاھى بولغان. بۇنىڭ بىلەن چۇ جەمەتىنىڭ قۇجۇ ھاكىمىيىتى باشلانغان.

مىلادىيە 552 ـ يىلى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى غەربىي يۇرتقا كېڭەيگەن.

مىلادىيە 608 ـ يىلى سۇي سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىۋىرغولغا كىرىپ ئورۇنلاشقان. ئارقىدىنلا پىشامشان، چەرچەن، ئىۋىرغول قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان.

مىلادىيە 629 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭ بۇددا نومى ئەكېلىش ئۈچۈن چاڭئەندىن يولغا چىقىپ غەربىي يۇرت ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان.

مىلادىيە 630 ـ يىلى ئىۋىرغولدىكى يەتتە شەھەرنىڭ بېگى شى ۋەننيەن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. تاڭ سۇلالىسى بۇ جايدا غەربىي ئىۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلغان.

مىلادىيە 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قۇجۇنى قايتۇرۇۋېلىپ شىجۇ (غەربىي ئايماق) ئايمىقىنى قۇرغان. يەنە قاغانبۇت شەھىرىدە تىڭجۇ ئايمىقىنى قۇرغان ۋە ھەرقايسىسىدا ۋىلايەت ـ ناھىيە تەسىس قىلغان. شۇ يىلى يارغولدا



ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغان.

مىلادىيە 648 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىپ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدىكى كىنگىت، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن ۋە ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنى كۇسەنگە يۆتكەپ، كىنگىت، كۇسەن، سۇللۇغ، سۇيئاب قاتارلىق تۆت قەلئەنى تەسىس قىلغان. بۇ تارىختا «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» دەپ ئاتالغان. غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان.

مىلادىيە 702 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى جىمسار تەۋەسىدە بېشبالىق قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان، بۇ مەھكىمە تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان.

مىلادىيە 751 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس بويىدا جەڭ قىلغان. جەڭدە تاڭ سۇلالىسى مەغلۇپ بولۇپ، كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئەرەبلەرگە تەۋە بولغان.

مىلادىيە 755 ـ يىلى «ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن» ئىسيانى كۆتۈرۈلگەچكە، ئەنشى، بېشبالىق ۋە غەربىي يۇرتتىكى كۆپلىگەن جايلاردا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەر ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىدىغان ھەربىي كۈچى ئاجىزلىغان.

مىلادىيە 790 ـ يىلى غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى تۈبۈتلەر ئىگىلىۋالغان.

مىلايىيە 840 ـ يىلى شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولۇپ، قالدۇق قوۋم تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. بۇلاردىن بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ، تەڭرىتاغنىڭ

جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەلگەن. غەربىي يۇرتتىكى قاراخانىيلار خاندانلىقى ۋە قۇجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى ئەنە شۇ تارماق ئۇيغۇرلار قۇرغان.

مىلادىيە 938 ـ يىلى ئۇدۇندىكى لى جەمەتى خاندانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تاپشۇرغان. لى شېڭتيەنگە كېيىنكى جىن جانلىقى «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى» دەپ ئۇنۋان بەرگەن.

مىلادىيە 960 ـ يىلى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلار ئىسلامغا كىرگەن.

مىلادىيە 1132 ـ يىلى لياۋ خانلىقى پادىشاھ جەمەتىدىن ياللۇغ تاشىن ئىمىلدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار غەربىي لياۋغا تەۋە بولغان.

مىلادىيە 1209 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى غەربىي لياۋ خانلىقىدىن ئايرىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل دۆلىتىگە بەيئەت قىلغان.

مىلادىيە 1210 ـ يىلى نايمان قەبىلىسىنىڭ سەردارى كۇچلۇك غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان. قاراخانىيلار خانلىقى ھالاك بولغان.

مىلادىيە 1218 ـ يىلى كۇچلۇك ئۆلتۈرۈلۈپ، غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى گۇمران بولغان. غەربىي يۇرتتىكى جايلار موڭغۇللارغا قارام بولغان.

مىلادىيە 1251 ـ يىلى موڭغۇللار غەربىي يۇرتتا بېشبالىق، ئامۇ دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان.

مىلادىيە 1280 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا



ئاقچا ئىشلىرى مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل مەنسەپدارىنى بېشبالىق قۇرۇقچىبېگى قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

مىلادىيە 1347 ـ يىلى غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان چاغاتاي خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى ئىدارە قىلغان. نۇرغۇن موڭغۇللار ئىسلامغا كىرگەن.

مىلادىيە 1404 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى «قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى»نى تەسىس قىلىپ، يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان.

مىلادىيە 1680 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ كاتتىۋېشى خوجا ئافاق غەربىي موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسىنى باشلاپ يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى ھالاك قىلغان.

مىلادىيە 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ جۇڭغارىيىگە يۈرۈش قىلغان ۋە داۋاچىنى جازالاپ، جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقان.

مىلادىيە 1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقان.

مىلدىيە 1762 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان، بۇ مەھكىمە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ

قول ئاستىدا قورۇقچىبەگ، مەسلىھەتچى ئامبال، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال قاتارلىقلار تەيىن قىلىنغان.

مىلادىيە 1771 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ تورغۇت قەبىلىسى ئوباشىنىڭ باشلامچىلىقىدا چارروسىيىنىڭ قاتمۇ قات توسالغۇلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ ۋەتەنگە قايتقان ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن.

مىلادىيە 1851 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى روسىيە بىلەن شىنجاڭنى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامى» نى ئىمزالىغان.

مىلادىيە 1855 ـ يىلى روسىيىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئېلىمىزنىڭ يارغۇت ئالتۇن كېنىدىكى ئىشچىلارنى ئۆلتۈرگەن. چۆچەكتىكى ھەر مىللەت خەلقى روسىيىنىڭ سودا چەمبىرىكىگە ئوت قويغان.

مىلادىيە 1864 ـ يىلى «جۇڭگو ـ روسىيە غەربىي شىمال چېگرىسىنى چارلاپ تەكشۈرۈپ كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، چارروسىيە كېيىنكى بىرقانچە چېگرىنى تەكشۈرۈش كېلىشىملىرىگە ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدىن 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى كېسىۋالغان. كۇچا، دىخۇا (ئۈرۈمچى) قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خۇيزۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى زور كۆلەملىك قوزغىلىڭى پارتلىغان.

مىلادىيە 1865 ـ يىلى قوقەندلىك سەركەردە ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلار كۈچلىرىنىڭ يولباشلىشى



بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋە يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باتۇرانە قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

مىلادىيە 1875 ـ يىلى شەنشى ـ گەنسۇ باش ۋالىيسى زو زۇڭتاڭ خان مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى ئىسكەنجىگە ئالغان.

مىلادىيە 1876 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان، ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتى ھالاك بولغان.

مىلادىيە 1882 ـ يىلى چارروسىيە بېسىۋالغىنىغا 11 يىل بولغان ئىلى ئاخىرى چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان.

مىلادىيە 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭنىڭ تۇنجى باش مۇپەتتىشى بولغان. ئۈرۈمچى مەركەز قىلىپ بېكىتىلىپ ئىلىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي مەركەز بولۇشى ئاخىرلاشقان.

مىلادىيە 1910 ـ يىلى فېڭ تېمىن قاتارلىق ئىنقىلابچىلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، مانجۇ يېزىقلىرىدا «ئىلى ئاممىباب گېزىتى» نى نەشر قىلىپ تارقاتقان.

مىلادىيە 1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئىنقىلابچى ليۇ شيەنجۇن ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ تەشكىللىگەن بولسىمۇ باش مۇپەتتىش يۈەن داخۇا تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن.

مىلادىيە 1912 ـ يىلى ئىلى قوزغىلىڭى پارتلاپ، يېڭى ئىلى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغان. چىرا كەنتىدە

رۇسىيىگە قارشى كۈرەش پارتلىغان. يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىگەن.

مىلادىيە 1920 - يىلى شىنجاڭ - سوۋېت «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» ئىمزالانغان.

مىلادىيە 1928 - يىلى ياڭ زېڭشىن قول ئاستىدىكى فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ تارىختا «7 - ئىيۇل ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان. جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغان.

مىلادىيە 1931 - يىلى قۇمۇلدا يەر تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەن. ما جۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرگەن.

مىلادىيە 1932 - يىلى ئۈرۈمچىدە «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بېرىپ شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ ئورنىغا شىنجاڭغا دۇبەن بولغان. مۇھەممەد ئىمىن جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر نەچچە ئاي ھۆكۈم سۈرگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغان.

مىلادىيە 1934 - يىلى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان.

مىلادىيە 1937 - يىلى «8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» قۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوم-پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ ئورنىتىلغان.

مىلادىيە 1943 - يىلى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

مىلادىيە 1944 - يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىغان.



مىلادىيە 1946 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. جاڭ جىجۇڭ رەئىس، ئەخمەتجان ۋە بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىس بولغان.

مىلادىيە 1947 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەن.

مىلادىيە 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەن.

مىلادىيە 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان.

# پايدىلانغان كىتابلار


«24 تارىخ»، جۇڭخۇا كىتابخانىسىنىڭ تىنىش بەلگىلىرى قويۇلغان نۇسخىسى.

«مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى».

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى».

مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئىنگلىزچە نۇسخىسى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1982 ـ يىل.

دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى ئىشخانىسى قاتارلىقلار تۈزگەن: «تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر»، خەلق نەشرىياتى، 1 ـ 10 ـ قىسىم، 1981 ـ 1990 ـ يىل.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما»، خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-، 2-، 3 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ





1993 ـ يىللىرى.

يۇ تەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، جۇڭگو قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.

# ئاخىرقى سۆز

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆگىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقى، ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىر قىسىم مۇتەخەسسىس ـ ئالىملارنى تەشكىللەپ، «شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»نى يېزىپ چىقتى. بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى شۇنداقلا مۇتەخەسسىس ـ ئالىملار زور كۈچ بىلەن قوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ يېزىلىشى ۋە نەشر قىلىنىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەمدە بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى ئۆزى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان «كادىرلار ئوقۇشلۇقى» تىمىسىدىكى يۈرۈشلۈك كىتابلار قاتارىغا كىرگۈزدى ھەمدە ئۇنى ئەستايىدىل ئوقۇپ تەكشۈرۈپ، مۇھىم تۈزىتىش پىكرىنى بەردى، كىرىش سۆز يازدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن يولداش دۈەن



تۇڭخۇا، يولداش توختى روزىلارمۇ بۇ كىتابلارنىڭ ئورىگىنالىنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن ئۇيغۇر سايرانى، جاقىپ مىرزاقان، رازاق تۆمۈر ۋە تارىخشۇناس مياۋ پۇشېڭ قاتارلىق يولداشلار ئاپتورلار بىلەن كىتابلارنىڭ ئورىگىنالى ھەققىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بەردى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى لى ۋېيچىڭ بۇ كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەردى. شۇڭا، كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشىنى قوللىغان رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىس ـ ئالىملارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ئاپتورلارنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغاچقا، كىتابلاردا يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىش پىكرى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ۋاڭ شۇەنچيەن

2001 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

junghalu 40-mm
ey24-is dilat
13809939813
xinqing

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي
1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە
ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆人民出版社 2001 年 6 月第 1 版，2001 年
6 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان تاھىر
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
زەمىرە پىدائى

# شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى

ئاپتورى: تيەن ۋېيجياڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 4.5
2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىلى 4 ـ ئاي 5 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 25,001–30,000
ISBN7—228—06655—3/K・942
باھاسى: 6.00 يۈەن